مىن گە زوم

# ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇزلار

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر داۋۇت

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى.

١٩٨٨ - يىل. ئۈرۈمچى

# ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇزلار

•

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 5.75
1988 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
1989 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 - 5371 - 0248 - 1/K·28
سانى: 4,500 — 1
باھاسى: 1.20 يۈەن

## كىرىش سۆز

ئۇيغۇرلار — مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. شۇنداقلا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى.

بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئەزەلدىن باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك خەلق ئىدى. ئۇلار مىلادىدىن بۇرۇنلا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق جەھەتتىكى ماھىرلىقى بىلەن تارىم ۋادىسىنى گۈللەندۈرگەن. سودا، كانچىلىق، مەدەن تاۋلاش، قەغەز ياساش، مەتبەئەچىلىك، نەشرىياتچىلىق بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى مىلادىدىن خېلى كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغىنى بىناكارلىق، ئەڭ تەرەققىي قىلغىنى ۋە گۈللەنگىنى رەسساملىق. ئۇيغۇرلار ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتى جەھەتتىمۇ دۇنيادا يۈكسەك شۆھرەتكە ئىگە. بىز مىلادىدىن ئىلگىرىكى 10 مىڭ يىللار ئەتراپىغا تەخمىن قىلىنغان ھازىرقى كۇچانىڭ شىمالىدىكى قورۇقتاغ قىيا تاشلىرى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ھەم ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى

سارچۇقا. تانبالباش جىلغا قىيا تاشلىرىغا سىزىلغان ئەڭ قەدىمكى تۇرمۇش رەسىملىرى بىلەن ئۇسلۇبلۇق ئوبرازلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىدە، ئوۋ،ۇقداشلىق ئانىلىق جەمەتىدىلا رەسىم سىزغانلىقىنى، قەدىمكى «غەربىي دىيار» نىڭ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىلا ناخشا - ئۇسۇل ئاپىرىدىگاھلىرىنىڭ بىرى بولغانلىقىنى قىياس قىلىمىز.

ئۇيغۇرلار ياراتقان ۋە ئىجاد قىلغان مۇچەل ئاساسىدىكى كالېندار ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ئىلمىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۆگىنىپ، بۇ ساھەدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ جانلىق پاكىتى.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تارىخىدا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، سودا، كانچىلىق، مەدەن تاۋلاش، قەغەز ياساش، مەتبەئەچىلىك، نەشرىياتچىلىق، پىلە بېقىش قاتارلىق ماددىي بايلىقلىرى ۋە مول مەزمۇنلۇق مەنىۋى بايلىقلىرى ھەمدە ئىلىم - پەن بايلىقلىرى بىلەن پۈتكۈل دۇنياغا تونۇلغان، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە زور تۆھپىلەرنى تەقدىم قىلغان قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرى ئىشەنگەن بىرنەچچە خىل دىنلارنىڭ بىرىنى بىرى چەتكە قېقىشى، كېيىنكىسى ئالدىنقىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ۋەيران قىلىشى نەتىجىسىدە نۇرغۇن مەدەنىي بايلىقلىرىمىز، كەشپىياتلىرىمىز زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. شۇڭا، ئۇزاق ئەسىرلەرگىچە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانلىرى

دۇنياغا ئۇنچىۋالا تونۇلۇپمۇ كېتەلمىگەن. ئەمما، ياۋروپالىقلارنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ماكانى بولغان شىنجاڭ ھامان «يوشۇرۇن رايون»، «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى كۆمۈلگەن جاي» دەپ قارالغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئىلىم-پەن تەرەققاتى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىلگىرىكى قىياسلارنىڭ توغرىلىقى ئىلمىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاندى. شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

دۇنيا ئەللىرىنىڭ زور دەرىجىدىكى قىزىقىشى ۋە ھەۋىسىنى قوزغاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلار ياشىغان غەربىي رايوننىڭ ئاشۇنداق مول ئىلمىي قىممەتكە ئىگە مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئاساسىي ئامىل نېمە؟

بۇنىڭدىكى ئاساسىي ئامىل، شىنجاڭنىڭ يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى، سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتى ۋە جاپالىق ئەمگىكى. بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ماركسنىڭ مۇنۇ ئىلمىي ھۆكۈمىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايە: «مىسىر ئەپسانىلىرى ھەرگىز گرېك سەنئىتىنى پەيدا قىلىدىغان تۇپراق ياكى بالىياتقۇ بولالمايدۇ.»

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئەقىل-پاراسىتى زادى قەيەردىن كەلگەن؟ ئۇ — ئۇيغۇر مائارىپىدىن كەلگەن. ھەرقانداق بىر جەمئىيەت ياكى مىللەتنىڭ مائارىپى شۇ جەمئىيەت ياكى مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى يارىتىدىغان بىردىنبىر

ئاساس. يىلتىزسىز دەرەخنىڭ ياكى دەرەخسىز مېۋىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغاندەك، ماتارىپسىز مەدەنىيەتنىڭ بولۇشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. دەل مۇشۇ مەنىدە يۇنانلىق مەشھۇر ماتارىپچى سوقرات: «ماتارىپ ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئانىسى، تەرەققىياتىنىڭ قامچىسى» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

*                *

تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش بويىچە تەھلىل قىلغاندا، ماتارىپ بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ ئادەم تەربىيىلەيدىغان پائالىيەت. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ بىلىم ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، ئىدىيە-ئەخلاقىغا تەسىر كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان تەشكىللىك ياكى تەشكىللىك پارچە-پۇرات ۋە سىستېمىلىق پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ماتارىپ بولىدۇ. ماتارىپ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ پەيدا بولغان، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن تەرەققىي قىلغان. ئىنسانلارنىڭ ھەرقانداق بىلىمى، مەدەنىيىتى ماتارىپ ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تارىخىي باسقۇچتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن ماتارىپمۇ ئوخشاش بولمىغان خاراكتېر ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. ئۇيغۇر

مائارىپمۇ مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە پەيدا بولغان، تەرەققىي قىلغان ۋە مۇشۇ قانۇنىيەتكە ماس خاراكتېر، ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا باشلانغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى سەۋەبلىك، دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇ تېخى ئۆز ئالدىغا بۆلۈنۈپ چىقماستىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىگە بېقىنغان ھالدا چوڭلار كىچىكلەرگە، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىشتىن ئىبارەت ئۇستاز-شاگىرتلىق شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان. ھالبۇكى، بۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئىپتىدائىي مائارىپنىڭ بىخى ئىدى. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مائارىپنىڭ مەزمۇنىمۇ تولۇقلىنىپ بارغان. قۇللۇق جەمئىيەتكە كەلگەندە، قۇلدارلار بىلەن قۇللار، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدا ئىش تەقسىماتى بارلىققا كېلىپ ھەمدە ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، قائىدە-يوسۇن ئىگىلەشكە بولغان ئېھتىياج ئېشىپ، مەكتەپ پەيدا بولۇشىنىڭ ماددىي، مەنىۋى ئاساسى ھازىرلانغان.

ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى① ئۇيغۇر مائارىپى ھەم ئىبادەتخانا، ھەم مەكتەپتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى

---

① بۇددا دىنى تارىم ئويمانلىقىغا مىلادىيە 75-يىلىدىن باشلاپ سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان. دەسلەپ خوتەن، كۇچانى، كېيىنچە ئىدىقۇتنى مەركەز قىلغان بۇددا ئۇيغۇر مائارىپى ۋە سەنئىتى بارلىققا كەلگەن.

ئارقىلىق ئىلىپ بېرىلغان بولسا، بۇددىزىم گۈللەنگەن مەزگىللەردە يۇقىرىقى جايلاردا مەخسۇس مەكتەپلەر، ئىبادەتخانىلار، مۇنتىزىم ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى بارلىققا كەلگەن.

تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، بۇددىزىم گۈللەنگەن مەزگىللەردە قەدىمكى كۇچادا ھۈنەر - سەنئەت مەكتىپى، مۇزىكا مەكتىپى قاتارلىق ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلىرى ۋە نىلۇپەر ئىبادەتخانىسى، قۇت تىلەش ئىبادەتخانىسى، ئالتۇنگۈل ئىبادەتخانىسى، كومىراجىۋا تۇرغان جام خانلىق ئىبادەتخانىسى، تام ئىبادەتخانىسى، قىزىل ئىبادەتخانىسى، يۇنما ئىبادەتخانىسى، چۆلتاغ چوڭ ئىبادەتخانىسى قاتارلىق ئون نەچچە ئىبادەتخانىلار قۇرۇلۇپ ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كىشىلەرنى بۇددا مائارىپى بويىچە ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىي مەلۇماتلىق كىشىلىرىگە ئايلاندۇرغان. فا شيەننىڭ «بۇددا ئەللىرى ھەققىدە خاتىرە» ناملىق ئەسىرىدە يېزىلىشىچە، قەدىمكى خوتەندە «... تۈمەنمىڭ راھىب بار ئىكەن، 14 چوڭ ئىبادەتخانا دۇئاگۇيلار (بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى ئاساس قىلغان ئوقۇغۇچىلار) بىلەن قىزىپ كېتىدىكەن. كىچىك ئىبادەتخانىلار سانسىز ئىكەن. پادىشاھ ئوردا مەھكىمىسىگە قاراشلىق 3000 راھىب (ئۇستاز) بار ئىكەن.»

بۇددا مائارىپى ئۇيغۇرلاردا I ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە ھەتتا بەزى جايلاردا XII - XIII ئەسىرگىچە داۋام قىلغان، ۋاقتى نىسبەتەن ئۇزۇن، تەسىرى بىرقەدەر چوڭقۇر

مائارىپ بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى دەۋر مائارىپىغىلا ئەمەس، ھەتتا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مائارىپىغىمۇ ئاساس سالغان. ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا ئۆزلەڭلىك مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

يېزىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى مائارىپتا مەكتەپنى شەكىللەندۈرۈپ، يېزىق ئوقۇ - ئوقۇتۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ يازما تارىخى باشلانغان.

بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ مىللىي يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ شۇ يېزىقى بىلەن مەكتەپ مائارىپىنى شەكىللەندۈرۈپ ۋە ئۆز تارىخىي، مەدەنىي مىراسلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان بولسىمۇ، ئۇ يېزىقنىڭ شەكلى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. مىلادىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار قەدىمكى تۈرك - رونىك يېزىقى (ئورخۇن - يەنىسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، براخما يېزىقى (قەدىمكى قاراشەھەر ۋە كۇچا يېزىقى)، سوغدى يېزىقى، قەدىمكى سۈرىيە يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى (قەدىمكى ھىندى يېزىقى)، تىبەت يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىدىن ئىبارەت سەككىز خىل يېزىقنى قوللانغان.

دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى باشلانغاندىن كېيىنكى مەكتەپ مائارىپ ئىشلىرىغا تۇنجى ئاساس سالغان جاي — تۇرپان (ئىدىقۇت خانلىقى) ھېسابلىنىدۇ. ئىدىقۇت ئەينى زاماندا شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن مەركىزي تۈگۈن بولۇپ، ئۇ يەردە ھەرخىل مەك-

تەپلەر كۆپلەپ قۇرۇلۇپ، مائارىپ ئىشلىرى ناھايىتى راۋاجلانغان. تۇرلۇك دىنلارمۇ ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بارغان. مائارىپ ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئەركىنلىك يولغا قويۇلغانلىقتىن، كىمنىڭ قايسى ئېتىقادقا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىلىم ئىگىسىلا بولسا، ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك نىشان ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتسا، ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئىدىقۇتتا يەنە بىلگە كېڭىشى (مائارىپپەرۋەر دانىشمەنلەر كېڭىشى) تەسىس قىلىنىپ، ئىلمىي دەرىجە ئۇنۋانلىرى بەلگىلەنگەن. بۇ كېڭەشمە يەنە خەلق ئاقارتىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان.

ئىدىقۇت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئىدىقۇت مەدەنىيىتىنى ئالاھىدە جانلاندۇرغان. قەغەز ياساش، مەتبەئەچىلىك، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى كەڭ يولغا قويۇلۇپ ھەرخىل تىل يېزىقتىكى كىتابلار كۆپلەپ بېسىلغان. ئىدىقۇتتىن ھازىرغىچە تېپىلغان سەككىز خىل يېزىق، 12 خىل تىلدىكى نەچچە ئونمىڭ پارچە مەدەنىي يادىكارلىققا ئاساسەن كىشىلەر ئىدىقۇتنى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «يەر ئاستى كۇتۇپخانىسى» دەپ ئاتاشقان.

ئۇيغۇر مائارىپى ئىپتىدائىي مائارىپ، بۇددا مائارىپى ۋە ئىدىقۇت مائارىپى دەۋرلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ قەشقەر مەركەز قىلىنغان قاراخانىلار ئىسلام مائارىپى دەۋرىگە كەلگەندە ئىنتايىن گۈللىنىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى يارىتىپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا زور شۆھرەت قازانغان. بۇ دەۋردە قاراخانىلار خانلىقىغا قاراشلىق ھەرقايسى جايلار ۋە ۋىلايەت، ناھىيىلەردە باش-

لانغۇچ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر قۇرۇلغان. بولۇپمۇ قەشقەردە «مەدرىسەئى ساجىيە»، «مەدرىسەئى ھامىدىيە» قاتارلىق مەشھۇر ئالىي بىلىم يۇرتلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق ئالىملىرىدىن ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ، سەئىد جالالىدىن باغدادى، خوجا ياقۇپ سۈزۈكى، ھۈسەيىن پەيزۇللا، جامالىدىن قەشقەرى، رەشىد ئىبنى ئەلى قەشقەرى، ئىمامىدىن قەشقەرى قاتارلىق كىشىلەر مۇدەررىس (ئوقۇتقۇچى) لىق قىلغان. «مەدرىسەئى ساجىيە» دە ماتېماتىكا، يۇنان پەلسەپىسى، تىلشۇناسلىق، ئاسترونومىيە، ئىلمى مەنتىق (لوگىكا)، تىبابەتچىلىك ئىلمى، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ئىلمى روھ قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان. قاراخانىلار ماتارىپى دۇنيادا ئارستوتېلدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئۇستاز دەپ نام ئالغان ئۇلۇغ ئالىم، ئېنسىكلوپېدىك (ھەممىنى بىلگۈچى، ئەللامە) ئەبۇ نەسىر فارابى، ئۇيغۇر ماتارىپىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى، جاھان تۈركلوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى مەھمۇت قەشقەرى، ئۇيغۇر كلاسسىك ماتارىپىنىڭ بۈيۈك ئۇستازى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئاتاقلىق ئالىم، ئوقۇتقۇچى، ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى ئەدىب ئەخمەد يۈكنەكى، پۈتۈن ئۆمرىنى ماتارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، مەھمۇت قەشقەرىدەك ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن مەشھۇر ئالىم ۋە ئوقۇتقۇچى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەشھۇر زاتلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ماتارىپىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرق ماتارىپىدا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولغان ھەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ماتارىپى، ھازىرقى زامان ئوتتۇرا شەرق ماتارىپىغا كۈچلۈك ئاساس سالغان.

گەرچە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر مائارىپى كىدانلارنىڭ ۋەيرانچىلىقى ۋە چىڭگىزخاننىڭ ئىستىلاسى بىلەن باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش بىر مەھەل ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ھەرخىل مەكتەپلەر، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ۋەيران بولغان؛ مائارىپچىلار، مەرىپەتپەرۋەرلەر كۆپلەپ قەتلى قىلىنغان بولسىمۇ، چاغاتاي (1179 — 1242) دەۋرىگە كەلگەندە چاغاتاي مائارىپى نامى بىلەن قايتا گۈللەنگەن. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار رايونىدا ھەرخىل كەسپىي مەكتەپلەر كۆپلەپ قۇرۇلغان. قەشقەردە «مەدرىسەئىي ساجىيە» خارابىسى ئورنىدا «مەخمۇدىيە» ئالىي بىلىم يۇرتى تەسىس قىلىنىپ، بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىغا كەشمىر، لاھور، بالاساغۇن، خوراسان، قىپچاق دالالىرى، ئىلى ۋادىسى، تارىم بويلىرىدىن مىڭلىغان كىشىلەر كېلىپ بىلىم ئالغان. بۇ مەكتەپتە بىلىم ئېلىپ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىگە ئايلانغان نۇرغۇن ئىختىسالىق كىشىلەر، چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايخان ۋە چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلەيخان (1215 — 1290) لارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا باش ۋەزىر، ئىلمىي مەسلىھەتچى، ئىلىم - پەن ئىشلىرى ۋەزىرى، ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى، دېڭىزچىلىق ۋەزىرى، تاشقى ئىشلار ۋەزىرى، قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇلار يەنە چاغاتايخان ۋە ئۇنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئىلىم - پەن، مائارىپ، ئەدەب - دىيانەت توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپ ۋە ئەقىل ئۆگىتىپ،

بۇ ساھەلەردە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مەسلىھىتى بويىچە ئىش كۆرۈلىدىغان، ئۇيغۇرلارغا قارىتا نىسبەتەن كەڭرى سىياسەت قوللىنىلىدىغان بىر خىل ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ھەقتە پروفېسسور مالوپ مۇنداق يازىدۇ: «موڭغۇللار ئارىسىغا مەدەنىيەت تارقاتقان، ئۇلارغا ئۇستاز بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئوردىسىدا ئىش يۈرگۈزگەنلەر ئۇيغۇرلار ئىدى.»

چاغاتايخانىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا ئۇيغۇر تىلى بىردىنبىر ھۆكۈمەت تىلى ۋە ئالاقە تىلىغا ئايلانغان. ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇشۇ تىل بىلەن يۈرگۈزۈلگەن. XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ھەتتا ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن چاغاتاي ئوردىسىدا جىددىي بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ، چاغاتاينىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئۆزبېكخان (1312 — 1340)، تۇغلۇق تۆمۈرخان (1347 — 1363) لار يېتەكچىلىكىدە 300 مىڭ كىشى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. بۇنىڭ بىلەن چاغاتاي ئەۋلادىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن. بۇ ھەقتە مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى ئىبىن ئەل بەشىر (1388 — 1450) مۇنداق يازىدۇ: «... بۇ يەردە مەنسەپ بەلگىلىرى، ناملىرى؛ بۇيرۇق، پەرمانلار؛ يازما ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلى بىلەن بولىدىكەن. پەقەت مۇشۇ تىلنى بىلگەن كىشى روناق تاپالايدىكەن، ھۆرمەتكە، ئامەتكە سازاۋەر بولالايدىكەن.»

يەكەن مەركەز قىلىنغان سەئىدىيە خانلىقى

(1514 — 1678) دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر مائارىپى، مە-
دەنىيىتى ۋە سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بىرقەدەر تىنچ
مۇھىت يارىتىلىپ قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئوت-
تۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى قۇرۇلۇپ،
مىڭلىغان كىشىلەر قايتىدىن بىلىم شەربەتلىرىنى ئىچىشكە
مۇيەسسەر بولغان. قەشقەردە ئالىي بىلىم يۇرتى «خاقانىيە
مەدرىسى» (خانلىق مەدرىس)، يەكەندە مۇزىكا مەكتىپى قۇرۇ-
لۇپ ئىران، ئىراق، ئافغانىستان، كەشمىر قاتارلىق دۆلەتلەر
ۋە شىنجاڭنىڭ جەنۇبى، شىمالىدىن كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار
كېلىپ ئوقۇغان. بۇ ئالىي بىلىم يۇرتى ۋە مۇزىكا مەكتىپىدە
ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى مەشھۇر ئالىم، مۇ-
تەپەككۇر، مۇدەررىسلەرگە، مۇزىكانت، كۈيشۇناسلارغا ئايلى-
نىپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات-
سەنئەت نۇرۇقىنى چاچقان. ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى
12 مۇقامنىڭ ئاساسىمۇ مۇشۇ مەزگىلدە يەكەندە ئېچىلغان
مۇزىكا مەكتىپىدە تىكلەنگەن.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە
سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دىنىي كەمچىلىك سىياسىتىدىن پاي-
دىلانغان ھىدايىتىللا خوجا (سىبىق نامى پۈركەتكەن ئاپئاق
خوجا) سوفىزىمنى كەڭرى تەرغىپ قىلىپ، ئۇيغۇر مائارىپىنى
بوغۇپ تاشلىغان. بۇنىڭدىن پايدىلانغان چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن تىلماچ
(تۇڭچى، تەرجىمان) تەربىيىلەيدىغان شوتاڭغا ئايلاندۇرۇۋال-
غان. نەتىجىدە نادانلاشتۇرۇش بىلەن قۇللاشتۇرۇش ماس-

لاشقان «چىراغسىز جاھالەت ئەسرى» مەيدانىغا كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپى ئۇنجۇقتۇرۇلۇپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر مەزگىل مىسلى كۆرۈلمىگەن ئادان-لىق ۋە قۇللۇق ھۆكۈم سۈرگەن.

لېنىن ئېيتقاندەك: «ئىنسانىيەت ئەۋلادىنى تەربىيلەش-ئومۇمىي ۋە مەڭگۈلۈك كاتېگورىيە». ئۇ ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ. بەلكى تارىخ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تۈردە تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ مەلۇم دەۋر، مەلۇم گۇرۇھلارنىڭ قارشىلىق. بېسىمىغا ئۇچراپ بىر مەزگىل تەرەققىي قىلالماسلىقى، بىر ئىزىدا توختاپ قېلىشى شەيئىلەر تەرەققىيات جەريانىدا يۈز بېرىدىغان كونا بىلەن يېڭى، مۇتەئەسسىپلىك (قالاقلىق) بىلەن ئىلغارلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇ كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ، مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ئورنىنى ئىلغارلىقنىڭ بېسىشىدىن ئىبا-رەت دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق قانۇنىيەت بويىچە ھامان ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا يېڭى مەكتەپ مائارىپى ئۆزىدىن بۇرۇنقى مائارىپنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنىڭ يېتەرسىز جايلىرىغا خاتىمە بېرىش ئاساسىدا باشلاندى. بۇ يېڭى مەكتەپ مائارىپى ئىسلامىيەت دۇنياسىدا «ئۇسۇلى جەدىد» دەپ ئاتالدى. «ئۇسۇلى جەدىد» نىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى مۇھىم تەشەببۇسكارلىرى، تەسىس قىلغۇچىلىرى ۋە مەنىۋى يېتەكچىلىرى ئاتۇشلۇق ئاكا - ئۇكا موسابايېۋ (ھۈسەيىن موساباي، باھاۋىدىن موسا-باي)، ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق).

تۇرپان ئاستانىلىق مەخسۇت مۇھىتى، كۇچالىق ھامۇت ھاجى قاتارلىقلار ئىدى.

ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپىغا تۇنجى ئاساس سالغان جاي ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتى بولۇپ، ئاكا - ئۇكا موسابايېۋلارنىڭ تولۇق تەييارلىق قىلىشى بىلەن بۇ يېزىدا 1885 - يىلى «ئىكساق مەكتىپى» تەسىس قىلىنىپ، رەسمىي ئوقۇش باشلىنىدى. كېيىنچە بۇ مەكتەپ «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالغان ھەمدە ئىلمىي قۇرۇلغان. «ھۈسەينىيە مەكتىپى» ئىلگىرىكى ياش قۇرامىغا قارىماي چوڭ - كىچىكلەرنى بىرلىكتە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى، ياش قۇرامىغا قاراپ قوبۇل قىلىش ۋە يىللىقلارغا ئايرىش؛ ئۆلۈك ھالدا يادلاش، مەنىسىنى چۈشەنمەي ئوقۇش، بىر پەننىلا ئاساس قىلىشتەك ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ئەترapلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، ھەرخىل پەننىي دەرسلەرنى تولۇقلاش، ئەقلىي تەربىيىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماي، ئەخلاقىي تەربىيە، جىسمانىي تەربىيە، گۈزەللىك تەربىيىسى ۋە ئەمگەك تەربىيىسىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، ئوقۇتۇشتا سائەت، ھەپتە، مەۋسۇم، ھەتتا يىل ئېتىبارىغا ئېلىنماي ۋاقىت ئىسراپچىلىقى كۆپ بولىدىغان ئۆزۈمنىڭ ئورنىغا، ئېنىق ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا ۋە ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىگە بولغان پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتۇش كونكرېت مەزمۇن، ئېنىق مەقسەت ۋە مۇنتىزىم تۈزۈمگە ئىگە بولغان. «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ 1888 - يىلدىكى دەرس سېتكىسى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

«ھۆسەينىيە مەكتىپى» نىڭ دەرس جەدۋىلى

| قارار / سائەت / كۈنلەر | چۈشتىن بۇرۇن 1 | 2 | 3 | 4 | چۈشتىن كېيىن |
|---|---|---|---|---|---|
| شەنبە | شىپاھىيە (سالامەتلىك) | ئانا تىلى | ناخشا | ھېساب | ئەمگەك ۋە مۇزىكا - سەنئەت پائالىيىتى |
| يەكشەنبە | ئەرەب - پارس تىلى | تارىخ | جۇغراپىيە | تەجۋىد (ئوقۇش-ئىملا) | |
| دۈشەنبە | رۇس تىلى | ھېساب | تەنتەربىيە | تەبىئەت | |
| سەيشەنبە | تەجۋىد | شىپاھىيە | جۇغراپىيە | رەسىم | |
| چارشەنبە | ئەرەب - پارس تىلى | ئەدەبىيات | رۇس تىلى | تارىخ | |
| پەيشەنبە | ئاقايىدى | زۆرۆرىيە | (ئەقىدە - ئەخلاق تەربىيىسى) | | |
| ئازنا (جۈمە) | دەم ئېلىش | | | | |

ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپى بۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالماي، يەنە دەرسلىك تۈزۈش ۋە ئۇنى نەشر قىلىپ تارقىتىش جەھەتتىمۇ ناھايىتى زور خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ مەنۋى يېتەكچىسى ئابدۇقادىر داموللام ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپلىرى ئۈچۈن «گراماتىكا» (سەرپ نەھۋى)، «ئىلمى تەجۋىد» (ئوقۇش - ئىملا)، «ئىلمى ھېساب»، «ئىلمى جوغراپىيە»، «ئوھىم ئەقىدىلەر ساۋاتى»، (ئاقايىدى زۆرۆرىيە)، «گۈدەكلەرگە تەربىيە»، «ئەدەبىيات ئاچقۇچى»، «ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت» قاتارلىق ئون نەچچە خىل دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ چىقىپ قەشقەردىكى «مەتبەئىي نۇر» نەشرىياتى ۋە «قازان» نەشرىياتىدا بېسىپ تارقاتقان. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتۇش قورالى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان.

ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاكا - ئۇكا موسابايلار ۋە مەخسۇت مۇھىتى چەت ئەلدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئەكىرىش، چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز يۇرتىدا تەربىيەلەشنىمۇ جىددىي ئېلىپ بارغان. ئاتۇشنىڭ ئىكساق، توققۇزاق كەنتلىرىدە، قەشقەرنىڭ يۇرتدا ئىشكىدە، كۈچا، ئاقسۇلاردا ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەش كۇرسلىرى ۋە دارىلمۇئەللىمىنلەر قۇرۇلۇپ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈپ بېرىلگەن. بۇنىڭ بىلەن يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىگە كېڭىيىپ ئاتۇش، ئىلى، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، كۈچا، كورلا، ئۈرۈمچى، تۇرپان، گۈچۈڭ قاتارلىق جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئورۇنلىغان ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپلىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ۋە دارىلمۇئەللىمىنلەر قۇرۇلۇپ، مىنىسزلىغان ياش - ئۆسمۈرلەر مەكتەپ قوينىغا كىرگەن. 1934 - يىلىغا كەلگەندە يالغۇز ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئۆزىدىلا مەتبلى ئەپەندىنىڭ

تەشكىللىشى بىلەن 24 مەكتەپ قۇرۇلۇپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق بالا مەكتەپ قوينىغا كىرگەن. ئاشۇ دەۋر مائارىپىدا تەربىيىلەنگەن كىشىلەر ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشۇپ ھەرساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە تالانتى بىلەن خەلقىمىز قەلبىدە پەخىرلىك ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا مائارىپ ئاساسىنى تۇرغۇزغان. مىلادى III، IV ئەسىرلەردە كەسپىي تېخنىكا مائارىپىغا ئاساس سالغان؛ مىلادى X، XI ئەسىرلەردە ئۆزىنىڭ ئالىي مائارىپىنى شەكىللەندۈرگەن.

مائارىپ تارىخىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىنى ئۆگىنىش جەريانىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىنىڭ پىشمىغان مېۋىسى بولغان بۇ كىتاب كەڭ مائارىپچىلار ۋە جامائەتچىلىككە ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى ئاساسچىلىرى، مەشھۇر ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مائارىپپەرۋەر زاتلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى ئاساسىي مۇددىئا قىلىپ تۈزۈلدى. كىتابنىڭ يېزىلىشىغا تالانتلىق يازغۇچى، مائارىپشۇناس ئابدۇللا تالىپنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى توغرىسىدا مۇقەددىمە» ناملىق ئەسىرى مەنىۋى ئاساس، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى ۋە مائارىپ تارىخىغا ئائىت بىر قىسىم ماتېرىياللار تولۇقلىما بولدى. سىستېمىلىق، مۇكەممەل ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىنىڭ يوقلۇقى، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ نىسبەتەن كەم بولۇشى؛ ئۆزۈمنىڭ

بۇ جەھەتتىكى بىلىمىمىزنىڭ ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇزاق تارىخقا، مول مەزمۇنغا ئىگە بولغان ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى تولۇق تونۇشتۇرۇپ بېرەلمىگەنلىكىمىزدىن ئەپسۇسلىنىمىز. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئىنتايىن ئاز سانلىق تەشكىل قىلغان ئۈچمەس يۇلتۇزلار پائالىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىشتىمۇ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارغا يول قويغان بولۇشىمىز مۇمكىن. كىتابنىڭ مۇھىم تولۇقلىمىلىرىدىن بىرى بولغان «دېڭىز ئۈنچىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى، كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر ھاجى ئەخمەت ئۆزىنىڭ شۇ ناملىق كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە نەقىل كەلتۈرگىنىدەك «ياخشى نىيەت ئىشنىڭ يېرىمى» ھېسابلىنىدۇ. كەڭ تارىخچىلار، مائارىپشۇناسلار ۋە ئۇستازلارنىڭ كۆرۈلگەن كەمچىلىك، خاتالىقلارغا قارىتا تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى، كىتابنىڭ يېتەرسىز جايلىرىنى تولۇقلاپ كېتىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

كىتابنى تۈزۈشتە ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان ئاپتورلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

— ئاپتوردىن

# مۇندەرىجە


تۆھپىكار ئوقۇتقۇچى پورتىمدىن ........................ 1

ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى، مەشھۇر ئوقۇتقۇچى كومراجىۋا ........................ 3

مائارىپچى، شائىر قوغۇرسۇر ئالتۇن ........................ 9

مەشھۇر مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى سۇجۇپ ........................ 12

مەشھۇر مائارىپچى پىرخۇيلان ........................ 15

ئاتاقلىق مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئاقارى ماندا (بەي مىندا) ........................ 19

ھانى دىنى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى مويۇنچۇر بۆكۈخان ........................ 23

مائارىپچى، شائىر كەكمىنىر ........................ 24

ئۇيغۇر ئالىمى، مەشھۇر ئوقۇتقۇچى سىنقۇسىلى تۇتۇڭ... 27

مائارىپچى ئاپرىنچۇر تېكىن ........................ 31

پىداكار مائارىپچى، ئارىستوتېلدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئۇستاز ئەبۇنەسىر فارابى ........................ 34

ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپىنىڭ بۈيۈك ئۇستازى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ........................ 41

ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى، جاھان تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى مەھمۇد قەشقەرى...... 45

مەشھۇر مۇددەرىس جامالىدىن قەشقەرى ........... 52
ئۇيغۇر كلاسسىك مانارىپىنىڭ پېشۋاسى ئىمامىدىن
قەشقەرى .................................. 54
مەشھۇر ئوقۇتقۇچى رەشىد ئىبن ئەلىقەشقەرى...... 57
داڭلىق ئالىم، مەشھۇر پېداگوگ ئاتا تۇغا.......... 59
چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر كلاسسىك مانارىپىنىڭ ئاسا-
سچىسى مەخسۇتبەگ ........................ 61
مەشھۇر ئالىم، داڭلىق پېداگوگ يۈسۈپ سەككاكى...... 64
چاغاتاي دەۋرى كەسپىي مانارىپنىڭ ۋەكىلى مجىت... 67
يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئوقۇتقۇچى،
تارىخشۇناس سارابان ..................... 70
كەسپىي تېخنىكا مانارىپىنىڭ ئاساسچىسى تۆمۈر تۇبرۇك
(لومىڭشەن) .............................. 73
داڭلىق ئوقۇتقۇچى، دوختۇر يەھيا ................ 77
داڭلىق پېداگوگ جامال قارشى ................... 81
مانارىپچى شائىر مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى......... 84
ئۇلۇغ مانارىپچى، شائىر ئەلىشىر ناۋايى ............ 87
مەشھۇر مانارىپچى سەئىد قەشقەرى ................ 93
سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر مانارىپىنىڭ تۇنجى
ئاساسچىسى سۇلتان سەئىدخان ................... 95
سەئىدىيە خانلىقى مانارىپىنىڭ ئاساسچىسى سۇلتان
ئابدۇرىشىتخان ............................. 98
ئاتاقلىق مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى، ئايال شائىر
ئامانىنساخان ............................. 101
مەشھۇر مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى قىدىرخان يەركەندى... 105

داڭلىق پېداگوگ موللا ئەخمەت باقى (قىسۇرى)...... 108
مەشھۇر شائىر، ئوقۇتقۇچى ھۆسىيىنخان تەجەللى...... 112
ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇنجى ئاساسچىلىرى ئاكا ـ
ئۇكا مۇسابايلار ........................ 115
ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپىدىكى تۇنجى مەكتەپ
مۇدىرى كېرىمئاخۇن......................... 123
ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ تۇنجى ئايال
ئوقۇتقۇچىسى راھىلە خانىم ..................... 129
ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ مەنىۋى يېتەكچىسى ئابدۇقادىر
داموللا ................................ 134
ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇرپان ۋادىسىدىكى ئاسا ـ
چىسى مەخسۇت مۇھىتى....................... 140
ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى مەمتىلى
ئەپەندى (تەۋپىق) ......................... 146
ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىدىكى مەشھۇر پېداگوگ، ئۇيغۇر
ھازىرقى زامان تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچى ـ
سى تۇرسۇن ئەپەندى ........................ 155

# تۆھپىكار ئوقۇتقۇچى يورتىدىن

يورتىدىن (232 — 348) ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا نامى بىزگىچە مەلۇم بولغان داڭلىق مائارىپچىلار ئىچىدىكى ئەڭ دەسلەپكى تۆھپىكار ئوقۇتقۇچى.

يورتىدىننىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي پائالىيىتى توغرۇلۇق ئېنىق ماتېرىيال يوق. بەزى مەنبەلەردىن قارىغاندا، ئۇ قەدىمكى تۇرپانلىق بولۇپ، مىلادىنىڭ 232 - يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان. كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا بۇددا مائارىپى بويىچە نىسبەتەن ئەتراپلىق تەلىم ئېلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا بىلىم ئىگىسىگە ئايلىنىپ، زور شۆھرەت قازانغان ۋە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ نام چىقارغان. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقتىكى ماھارىتى، نىسبەتەن يۇقىرى بىلىمى ئۇنى ئىچكى ئۆلكىلەرگىچە تونۇتقان. شۇڭا، مىلادىنىڭ 310 - يىلى (غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە) 78 يېشىدا پادىشاھ يۈەنجانىڭ تەكلىپىگە بىنائەن لوياڭغا بېرىپ 38 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ 116 يېشىدا ۋاپات بولغان.

يورتىدىن ئىچكى ئۆلكىلەردە ئۇزۇن يىللار ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا 893 ئىبادەتخانا مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلىپ چىققان. ئۇ، لوياڭدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەزگىللەردە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، چاڭجياڭنىڭ

شىمالى ۋە جەنۇبىدىن ھەر يىلى مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە راھىبلار لوياڭغا كېلىپ ئۇنىڭ دەرسى ۋە تەپسىرىنى ئاڭلىغان. پورتىدىن ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا ئونمىڭلىغان شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن بولۇپ، بۇلار ئىچىدە جۇڭگو بويىچە ئەڭ ئاتاقلىق بۇددا ئۆلىمالىرىغا ئايلانغان داۋئەن، خايا، فاتەي، فاخې... قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

تۆھپىكار ئوقۇتقۇچى پورتىدىنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتىنى تەكشۈرۈش، ئىنقىلاش ئىشى ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپىنىڭ پورتىدىن باشلانغان دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تارىخىنى چۈشىنىشتە بىزنى ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىشىنىمىزكى، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىزدىنىشى ئارقىلىق بۇ مەقسەتكە چوقۇم يەتكىلى بولىدۇ.

## ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى، مەشھۇر ئوقۇتقۇچى كومراجىۋا

كومراجىۋا (344 — 413) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ تارىخىدىكى ئىپتىخارلىق نامايەندە، ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى، مەشھۇر ئوقۇتقۇچى، ئاتاقلىق تەرجىمە ئۇستازى.

كومراجىۋا مىلادىنىڭ 344 - يىلى قەدىمكى كۇسەن (ھازىرقى كۇچا) دە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى كومراتان ھىندىستان ۋەزىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، تەركىدۇنيالىق بىلەن پامىرنىڭ شەرقىگە قاراپ سەپەر قىلغان ۋە كۇچا خانى ئاتارى پاك تەرىپىدىن ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىنىپ، دۆلەت ئۇستازى قىلىنغان. كومراجىۋانىڭ ئانىسى جىۋا ئاقارى پاك خانىنىڭ سىڭلىسى بولۇپ، 20 يېشىدا كومراتان بىلەن نىكاھلىق بولغان.

كومراجىۋا كىچىكىدىلا ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلىغان تىرىشچان بالا بولۇپ، ئۇ توققۇز ياشقا كىرگەندە ئانىسى بىلەن كەشمىرگە بېرىپ مەشھۇر بۇددا باخشىسى (ئۇستىسى) راھىب پانتۇ دادۇدىن بۇددا تەلىماتى ئالدۇ. ئۇنىڭ بىلىم

تۆزلەشتۈرۈش ۋە بايان قىلىشنىڭكى چەبەسلىكى كەشمىر خانى ۋە بۇددىستلىرىنى ھەيران قالدۇردى. خاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەشمىربۇددىستلىرى كومراجىۋانىڭ ئىقتىدارى ۋە تالانتىغا زوقلىنىپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. ئۇ 13 يېشىدا كۇسەنگە قايتىش سەپىرىدە يەكەنگە كېلىپ، يەكەن خانىنىڭ مەلىكىسى سۇلئى سىزمانى ئۇستاز تۇتۇپ، بىر يىل بۇددا تەلىماتىنىڭ ماھايانا مەزھىپىنى پىششىق ۋە سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، جۇڭگو بۇددىزمى تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ۋە تالانتلىق ماھايانا مۇتەپەككۇرى بولۇپ قالدى (ماھايانا مەزھىپى تەركىدۇنيالىقنى لايىق كۆرمەيدىغان، روھىي ئۈمىدۋارلىققا تەقۋادارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان مەزھەپ ئىدى).

كومراجىۋا كۇسەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماھايانا تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالدى بىلەن خان ۋە خان جەمەتلىرىنى ماھايانا مەزھىپىگە بېقىندۇردى. ئىشنى ئوقۇتقۇچىلىقتىن باشلاشنى مۇۋاپىق كۆرگەن كومراجىۋا كۇچا، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ئۇزۇن يىللار ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. كومراجىۋا ھەققىدىكى تەزكىرىلەردە بىردەك قەيت قىلىنىشىچە، ئۇ لېكسىيە سۆزلىگەندە ئۇنىڭ لېكسىيىلىرىنى خان جەمەتلىرىمۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان. ھەتتا ئاقارى پاك خان ئۇنىڭغا شىر پۇتلۇق ئالتۇن تەخت ياسىتىپ بەرگەن. كومراجىۋانىڭ تالىپلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. بۇلار ئىچىدىن مىڭلىغان يارىملىق شاگىرتلار يېتىشىپ چىققان ۋە ئۇلار كومراجىۋانىڭ داڭقىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگىچە

يەتكۈزگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۇددا راھىبلىرى ئۇنى تەكلىپ قىلىش ھەققىدە ئالدىنقى چىن سۇلالىسى پادىشاھى فۇجيەنگە بىرقانچە قېتىم دوكلات يېزىشقان. خۇي تەيسى دېگەن بىر راھىب ئۆزىنىڭ دوكلاتىدا: «چەت دالادا چوڭ يۇلتۇز كۆردۈم، جۇڭگوغا دانىشمەن كەلگۈدەك» دەپ يازغان. فۇجيەن خان مىلادىنىڭ 383 - يىلى ئۆز سەركەردىسى لۈي گۇاڭنى 70 مىڭ كىشى بىلەن كۇسەنگە ئەۋەتىپ كۇسەننى ئىشغال قىلىپ، كۇمراجىۋانى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئەكىلىشنى بۇيرۇغان. لۈي گۇاڭ كۇسەنگە كېلىپ ئاقارى پاك خاننى ئۆلتۈرۈپ مىلادىنىڭ 384 - يىلى كۇمراجىۋانى لياڭجۇ (جياڭسۇ ئۆلكىسىدە) شەھرىگە ئەكەلگەن. بۇ چاغدا پادىشاھ فۇجيەن كېيىنكى چىن پادىشاھى ياۋچاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولغاچقا، كۇمراجىۋا 16 يىل لياڭجۇدا تۇتقۇنلۇق ھالىتىدە ياشايدۇ. مىلادىنىڭ 401 - يىلىغا كەلگەندە بىرقانچە قېتىملىق پادىشاھلىق ئۆزگىرىشىدىن كېيىن تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھ ياۋشىڭ ئۇنى چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن)گە ئەكېلىپ، «دۆلەت ئۇستازى» دېگەن ھۆرمەت بىلەن ئالاھىدە كۈتۈۋالىدۇ. ئۇ چاڭئەندە تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە ياشاپ 413 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. كۇمراجىۋانىڭ ۋاپاتىغا پادىشاھ ياۋشىڭ، بارلىق ساراي ئەھلى ۋە ئالىمنىڭ شاگىرتلىرى چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ جەسەت كۈلى پادىشاھ ياۋشىڭ ۋە چەت ئەللىك ھۆكۈمالارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۇ ئۆزى ھايات ۋاقتىدا تۇرغان «شياۋباۋ» باغچىسىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

كومراجىۋا چاڭئەندە تۇرغان مەزگىلىدە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئالىي بىلىم يۇرتى ھېسابلانغان بۇتخانا ۋە ساراي ئالىي مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بولۇپ، ئاساسەن بۇددا نوملىرى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەش، تەرجىمان (بۇددا دىنى نوملىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىدىغان) يېتىشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ لېكسىيە ۋە دەرسلىرىنى پادىشاھ باشلىق ئوردا مۆتىۋەرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن تەشكىل تاپقان ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئاڭلىغان (كومراجىۋا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئاشۇ بىلىم يۇرتىنى ھازىرقى بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىگە تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن). ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئاشۇ بىلىم يۇرتىدا 800 نەپەردىن ئارتۇق شاگىرت بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆز بىلىمىنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەرجىمە ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى.

كومراجىۋا ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىشكەن ئالىمى. ئالىي مەلۇماتلىق كىشى بولۇپ، ھەرخىل پەنلەر بويىچە يۇقىرى بىلىمگە ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى يەنە ئۇ سانسكرىت - ئەنەتكەك تىلى، تاڭغۇت تىلى، تۈرك - تۇخار تىلى، ئىپتالىت تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنىمۇ پىششىق ئىگىلىگەن ھەمدە شۇ تىللار بويىچە لۇغەت تۈزگەن. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئەسەرلىرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات ساقلانمىغان. تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ ئىككى توملۇق «ئالەم ھەقىقەتلىرى» ناملىق ئەسەر يېزىپ، پادىشاھ ياۋشىڭغا بۇددا تەلىماتىنى تونۇشتۇرغانلىقى يېزىلغان. كومراجىۋا يېتىشكەن شائىر بولۇپ، بىزگە ئۇنىڭ كىبىەل ھالىتىدە ئەتراپىتىكىلەرگە قارىتىپ ئوقۇغان شېئىرىنىڭ بىر كۇپلېتىلا مەلۇم:

شۈنچە پەرقلىق بولسىمۇ ئەسلىدە ئەۋلادىمىز،
ھېكمىتى قىسمەت تۇپەيلى بىرگە بولدى زاتىمىز.
كەلسىمۇ گەر ئېيتقۇسىز غەملەر ۋىدالىق دەستىدىن،
ئۆزگە ئالەمگە سەپەر قىلماققۇ مەشغۇلاتىمىز.

كومراجىۋانىڭ چاڭئەندىكى 12 يىللىق ھاياتى ئۇنى ماھايانا مەزھىپىگە ئائىت دىنىي دەستۇرلارنى تەرجىمە قىلىش، شەرھلەش ساھەسىدە مىسلىسىز شۆھرەتكە ئىگە قىلدى. بۇ ھەقتە جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى زېڭ يۈ شۇنداق دېگەن: «ئۇلۇغ ئۇستازىمىنىڭ دانىشمەنلىكى تولىمۇ ئۇستۇن بولۇپ، ئالەمدە ئىككىنچىسى يوق ئىدى». پادىشاھ ياۋشىڭ كومراجىۋاغا يۈز تۇرانە مۇنداق دېگەن: «سىزدەك ئۇلۇغ ئۇستازىمنىڭ ئالەمدە ئىككىنچىسى يوق. ئاۋادا كېيىنكى ئالەمگە كېتىپ قالسىلا، ھېكمەت ئۇرۇقى نەسلسىز قالمىسۇن، دەپ كېنىزەك سۇندۇم. قوبۇل قىلغايلا!»① كومراجىۋا پادىشاھنىڭ تەكلىپى بىلەن بىر قېتىم دىلا ئون كېنىزەككە نىكاھلىنىشقا مەجبۇر بولغان.

كومراجىۋانىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ سانى ھەققىدە زېڭ يۈ: «32 پارچە، 300 نەچچە توم» دەپ قارىسا، چى فاڭ: «98 پارچە، 425 توم (جىلد)» دەپ كۆرسەتكەن. كومراجىۋا چاڭئەندە تەرجىمە، تەپسىر خىزمىتىنى باشلىغاندا، بۇددا دىنى جۇڭگوغا تارقالغىنىغا ئۈچ ئەسىر بولغان بولسىمۇ

---

① زېڭ يۈ: «كومراجىۋا تەزكىرىسى» («ئۇلۇغ نوم» 55 - جىلد 101 - بەت).

بۇددا نوم ـ سۇترىلىرىنىڭ تەرجىمە سەۋىيىسى تۆۋەن، سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىشتە بىرلىكك كەلمىگەن، تىلىغا ھەممىسى دېگۈدەكلا غەربىي رايوندىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كومراجىۋاغىچە جۇڭگو بۇددىستلىرى ماھا ـ يانا مەزھىپىدىن خەۋەرسىز ئىدى. شۇڭا، كومراجىۋا ھىن ـ دىستان بۇددا سۇترىلىرىنى بىۋاسىتە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان يۇقىرى سەۋىيىلىك تۇنجى تەرجىمان سۈپىتىدە مەي ـ دانغا چىقتى. لەتىجىدە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نوملىرى كومراجىۋانى ئۆلچەم قىلغان ھالدا «يېڭى تەرجىمە»، «كونا تەرجىمە» دەپ پەرقلەندۈرۈلدى.

# مائارىپچى، شائىر قوغۇرسۇر ئالتۇن

قوغۇرسۇر ئالتۇن (487 — 567) ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى، مائارىپچىسى، كۈيشۇناسى ۋە مەشھۇر جامائەت ئەربابىدۇر.

قوغۇرسۇر ئالتۇننىڭ ھاياتى، ئىجادىي، ئىجتىمائىي پائالىيىتى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات يوق. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادىنىڭ 487 - يىلى (شىمالىي چى خاللىقى دەۋرىدە) شىمالىي قۇملۇقتا ھۆكۈمران تەبىقە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ نەسلى ئىسمى ئالتۇن بولۇپ، قوغۇرسۇر ئۇنىڭ فامىلىسى (قوغۇرسۇر — ئەسلىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى. كېيىنچە بۇ نام شۇ قەبىلە كىشىلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە كىشى ئىسمى قىلىپمۇ ئىشلىتىلگەن).

قوغۇرسۇر ئالتۇن ئۆز زامانىسىدا ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك زات ھېسابلانغان. خەلق ئارىسىدا مەشھۇر جامائەت ئەربابى، ئاقارتقۇچى سۈپىتىدە تونۇلغان. ھەتتا شىمالىي چى خاندانلىقىنىڭ (550 — 577) پادشاھى گاۋخېگغا ۋەزىر - مەسلىھەتچى بولغان.

قوغۇرسۇر ئالتۇننىڭ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار-دىن بىرى بولغان، مەشھۇر مۇزىكا دەرسلىكى توپلىمى —

«ئوردا مۇزىكا تېكىستلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. تاكى ھازىرغىچە خەنزۇ مەكتەپلىرىنىڭ مۇزىكا دەرسى قىلىنىپ، سۆيۈپ ئوقۇلۇۋاتقان «تۇرا ناخشىسى» (بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا «تېلى قوشىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)① ناملىق شېئىرىنىڭ تېكىستى ساقلانغان. ئەپسۇسكى، بۇ مۇزىكا دەرسلىكىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. «تۇرا ناخشىسى» ئەينى زاماندا پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھەتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دائىرىسىدە زور تەسىر قوزغىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك سىمۋول قىلىنغان نادىر شېئىر بولۇپ، ھەتتا ياپونىيىلىكلەرمۇ بۇ شېئىرنى قىزغىن تەتقىق قىلغان ۋە تەتقىقات ماقالىلىرى يازغان.

«تۇرا ناخشىسى» نىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

چوغاينىڭ تاغلىرى ئاستىدا ئاقار،
تۇرالار دەرياسى ئويناپ - دولقۇنلاپ.
ئاسماننىڭ گۈمبىزى بارگاھسىمان،
تۇرىدۇ جىمىكى دالانى قاپلاپ.

شۇنچە كۆك، غۇبارسىز ساماۋى ئاسمان،
دالالار بىپايان كۆرۈنمەيدۇ قاش.
كۆرۈنۈپ قالىدۇ سانسىز چارۋا - مال،
شامالار يەلپۈسە، ئوتلار ئەگسە باش.

---

① مىلادىدىن ئۇچ ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردىن تارتىپ، مىلادى VI ئەسىرگىچە ھازىرقى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى ۋە موڭغۇلىيىدە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ نامى تۇرالار ياكى تېلىلار دەپ ئاتالغان.

بۇ ئاخشىدا شەرقىي ئۇيغۇرلار (شەرقىي تۇرالار)نىڭ دۇنيا قارىشى، تۇرمۇش ئادىتى، چۇغاي تاغلىرى (يىگىشەن تاغلىرى) ۋە ئوردۇس يايلىقىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەۋى مەنزىرىسى ئىنتايىن ئىخچام ۋە تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى بىلەن قىسقارتىلغان تارىخ ۋە تەبىئەت دەرسلىكى بەدىئىي قىممىتى بىلەن كىشىگە مەنسۇۋى زوق بېغىشلايدىغان مۇزدكا دەرسلىكى.

# مەشھۇر مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى سۇجۇپ

سۇجۇپ — مەشھۇر مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى، ئۇيغۇر مۇزىكىشۇناسلىقىنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەڭ بۇرۇنقى بۈيۈك نامايەندىسى.

سۇجۇپنىڭ ھاياتى، ئىجادىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتى ھەققىدە مۇكەممەل، تولۇق مەلۇمات يوق. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ مىلادى 6 ئەسىردە ئۆتكەن كۇچالىق ئۇيغۇر مۇزىكا نەزەرىيەچىسى ئىكەنلىكى، مىلادى 517-يىلى تەكلىپكە بىنائەن چاڭئەنگە بېرىپ ئوردا مۇزىكا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغانلىقى ۋە شۇ يەردە «12 ئاھاڭ رىتىم قانۇنى»نى كەشىپ قىلىپ «مۇزىكا پىرى» دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولغانلىقى قەيت قىلىنغان.

سۇجۇپ ياشىغان دەۋرلەردە كۇچادا تۇرپان، قەشقەر، خوتەنلەرگە ئوخشاشلا تىل-ئەدەبىيات، رەسساملىق، مۇزىكا ۋە سەنئەتنىڭ باشقا شەكىللىرى ئالاھىدە راۋاجلانغان. سۇجۇپنىڭ دادىسى كۇچادا «مۇزىكا پىرى» دەپ ئاتالغان ماھىر مۇزىكانت بولۇپ، مۇزىكا ئىلمىدە ئۆز دەۋرىنىڭ تەڭداشسىز كىشىسى ئىدى. مۇشۇنداق دەۋر ۋە شارائىتتا ياشىغان سۇجۇپ كىچىكىدىن باشلاپلا مۇزىكا ئىلمىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن ۋە مۇزىكا ئەمەلىيىتى، مۇزىكا نەزەر-

مىسىدە ئالاھىدە تالانتلىق كىشىگە ئايلىنىپ زور شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ داڭقى ئۆز ئېلىدىن ھالقىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (ئىچكىرى ئۆلكە) لەرگىچە بېرىپ يەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تەكلىپكە بىنائەن مىلادى 517 - يىلى چاڭئەنگە بېرىپ ئۇردا مۇزىكا مەكتىپىدە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولغان. بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا ئۇ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە كۇچا مۇزىكىلىرىنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسلىنىپ، غەربىي رايون (ھازىرقى شىنجاڭ) مۇزىكىلىرىنىڭ ئاساسى بولغان «12 ئاھاڭ رىتىم قانۇنى» (تېمپېراتسىيىلىك كۈي قانۇنى) نى كەشىپ قىلغان. سۇجۇپنىڭ «12 ئاھاڭ رىتىم قانۇنى» كۇچا كۈيشۇناسلىق نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئەكىلىنگەن بىردىنبىر سىستېمىلىق، مۇكەممەل مۇزىكا قانۇنى ۋە دەستۇرى بولۇپ، «سۈينامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، سۈي سۇلالىسى قۇرۇلۇپ 7 - يىلى (مىلادى 587 - يىلى) ئېچىلغان مۇزىكا سۆھبەت يىغىنىدا، ئۇنىڭ 12 ئاھاڭ رىتىم قانۇنى بويىچە دۆلەت مۇزىكىسىنى تەرتىپكە سېلىشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. سۇجۇپنىڭ بۇ قانۇنىنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئۈستىدە توختالغان. ياپونىيە تارىخچىسى لىن جەنسەن مۇنداق دېگەن: «سۇجۇپنىڭ ‹12 ئاھاڭ رىتىم قانۇنى› جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا مىسلىسىز يېڭىلىق كەيپىيات ياراتتى، ھەتتا ياپونىيە مۇزىكىسىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى.»

تارىخىي جەھەتتىن ئالغاندا، سۇجۇپنىڭ ۋە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئاھاڭ قانۇنى ھىندىستان ۋە ئەرەب ئاھاڭ قانۇنلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن كۆپ قەدىم بولۇپ، تۇرپان،

قەشقەر، خوتەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەمدە مەركىزىي ئاسىيا مۇزىكىلىرى ئەنە شۇ ئاساسقا قۇرۇلغان. ئۇنىڭ كۆيشۇناسلىق نەزەرىيە سىستېمىسىدىكى يېرىم ئاۋازلار ھەتتا ھازىرغىچە ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىدا بىر گۈزەل ئاھاڭ بولغان $\frac{3}{4}$ رىتىملىق ئاھاڭ سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

سۇجۇپىنىڭ مۇزىكا ئىلمىغا ۋە مۇزىكا ئوقۇتۇشىغا قوشقان تۆھپىسى ئىنتايىن زور بولۇپ، سۈي سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ بىرقانچە جايغا «مۇزىكا ئۇستازى ئىبادەتخانىسى» (يۆشمياۋ) ياسىلىپ، تاشتاختا ئۇستىگە ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى خاتىرلەنگەن. خۇاڭجۇدا ساقلىنىپ قالغان «مۇزىكا ئۇستازى ئىبادەتخانىسى» ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر.

# مەشھۇر مائارىپچى پىرخۇيلان

پىرخۇيلان — (736 — 820) مەشھۇر بۇددا مۇتەپەككۇرى، ئاتاقلىق مائارىپچى، تىلشۇناس، يازغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى.

پىرخۇيلاننىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا تولۇق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. تولۇقسىز مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئۇ، 736 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. پىرخۇيلان ياشىغان دەۋردە، قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، زور بىلىم يۇرتلىرى ۋە ئىبادەتخانىلار بىلەنمۇ دۇنياغا مەشھۇر ئىدى. بۇ دەۋردە سانسىزلىغان مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار، مائارىپشۇناسلار يېتىشىپ چىقىپ قەشقەرنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرغان، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەنىدى. ئەۋزەل شارائىتتا ياشىغان پىرخۇيلان كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا قەشقەردىكى ئالىي ئىبادەتخانىلاردا زور ئىجتىھات بىلەن بىلىم تەھسىل قىلىدۇ. تىل ئۆگىنىشكىمۇ ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۆز ئىقتىدارىنى ھەر تەرەپلىمە ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. نەتىجىدە ئۇ كېيىنكى مەزگىللەردە بۇددا كىتابلىرىنىڭ ئەڭ قابىل شەرھلىگۈچىسى، چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق

بىلىم ئىگىسى، مەشھۇر تىلشۇناس، ئالىم سۈپىتىدە زور شۆھـ
رەت قازىنىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ كەم تېپىلىدىغان ئۇستازىغا
ئايلىنىدۇ.

پىرخوپلان ئۆمرىنىڭ كېيىنكى چاغلىرىدا يېڭىدىن
باش كۆتۈرۈۋاتقان ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدىن قورقۇپ
چاڭئەنگە بېرىۋالغان. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەردە «پېشۋا
ئالىم» دېگەن شۆھرەتكە ۋە كاتتا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ.
ئۇ چاڭئەندە 20 يىللاپ قان - تەر ئاققۇزۇپ «ئومۇمىي ئەقـ
دىلەر شەرھى» ناملىق 100 تومدىن ئاشىدىغان زور ھەجىمـ
لىك ئەسىرىنى يېزىپ تاماملايدۇ. بۇ ئەسەرنى بۇددا ئالىمـ
لىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى قولدىن - قولغا ئېلىپ دەرسلىك ۋە
قاموس قىلىپ تاكى چىڭ سۇلالىسى (1644 — 1911) نىڭ
ئاخىرىغىچە سانسىزلىغان كىشىلەر ئۇنى ئەتىۋارلاپ قوللانما
سۈپىتىدە ئوقۇپ كەلگەن.

«ئومۇمىي ئەقىدىلەر شەرھى» بۇددا نوملىرىنى ئوقۇش
قائىدىلىرىنى تىلشۇناسلىق نۇقتىئىنەزەرى بىلەن چۈشەندۈرۈپ
بېرىدىغان ۋە بۇددا ئەقىدىلىرىنى شەرھلەيدىغان دىنىي
دەستۇر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئالىمنىڭ ئىجتىـ
مائىي، پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن.
ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيىسىگە دائىر مۇھىم مەلۇـ
ماتلار بېرىلگەن؛ ئۇ — تىل - ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخ،
جۇغراپىيىگە ئائىت مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
زور تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە دەرسلىك كىتاب. بۇ كىتابتا
يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زاماندىكى تۇرمۇش ئادەتلىرى،
پۇلۇ قاتارلىق ھەر خىل تاماقلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى

ھەققىدىمۇ قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق ئالىمى، تەرجىمە پېشۋاسى، مەشھۇر ئوقۇتقۇچى كۇمراجىۋا (344 — 413) ئۇيغۇرلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن غوڭقا، جاللا، بەرباب قاتارلىقلار ھەققىدە؛ ئۇلۇغ تىلشۇناس، ئالىم، مائارىپچى مەھمۇت قەشقەرى (تەخمىنەن 1008 — 1105 - يىللار) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىل، تارىخ ساھەلىرىدە مۇھىم مەلۇماتلار قالدۇرۇپ، بىزنى بۇ ساھەلەرنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگىنىدەك، پىرخۇيلانمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى، پولۇغا ئوخشاش تاماقلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

«ئۇمۇمىي ئەقىدىلەر شەرھى» نىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان چاۋشيەنلىكلەر مەخسۇس دۆلەت ۋەكىلى ئەۋەتىپ مەزكۇر ئەسەرنى كۆچۈرۈۋېلىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى (بەش دەۋر زامانلىرى) رۇخسەت قىلمىغانىدى. كېيىن سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە چاۋشيەن ھۆكۈمىتى يەنە ۋەكىل ئەۋەتىپ قايتا ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالغاندا، سۇڭ سۇلالىسى كۆچۈرۈۋېلىشقا قوشۇلغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياپونلۇقلاردىن كىشى كېلىپ كۆچۈرۈپ كەتكەن. نەتىجىدە ياپونىيىدە پىرخۇيلان «چوڭ ئالىم» دەپ تونۇلغان. نەتىجىدە ئۇ، خەلقئاراغا تونۇلغان ئالىمغا ئايلانغان.

1737 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 2 - يىلى) پىرخۇيلاننىڭ ھەممە ئەسەرلىرى تولۇق بېسىلىپ ئېلان قىلىنغان. 1880 - يىلى دۆلىتىمىز مەزكۇر ئەسەرنىڭ ياغاچ ئويما

نۇسخىسىنى ياپونىيىدىن ئالدۇرۇپ كېلىپ، كۆپەيتىپ بېسىپ تارقاتقان.

— پىرخۇيلان ھىندى تىلىنى، جۇڭگونىڭ ئەدەبىي تىلىنى ۋە باشقا تىللارنى پىششىق ئۆگەنگەن. ئۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى بارلىق خاتىرىلىرىنى بېشىدىن - يىگىنىسىغىچە مۇپەسسەل ئۆگىنىپ چىققان. ئۇنىڭ جان پىدالىق بىلەن ئۆگىنىش روھى كىشىلەرگە زور ئىلھام بەرگەن.

## ئاتاقلىق مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئاقارى ماندا (بەي مىندا)

ئاقارى ماندا (تەخمىنەن VII، VIII ئەسىرلەر) سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە شۆھرەت قازانغان ئاتاقلىق مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى، داڭلىق تىلشۇناس.

ئۇ سۈجۈپقا ئەگىشىپ چاڭئەنگە كەلگەن كۇچالىق ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، سۈي، تاڭ دەۋرىدە شۆھرەت قازانغان كۇچالىق مۇزىكانت. بەي مىندا ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بولۇپ، بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ ئىسمىنى بەگ مانتور دەپمۇ ئالغان. ئاقارى ماندانىڭ تۇغۇلغان جايى، ھاياتى ۋە پائالىيىتى توغرۇلۇق ئېنىق مەلۇمات يوق. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولغانلىقى ۋە مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ زور شۆھرەت قازانغانلىقى، تاڭ دەۋرىگە كەلگەندىمۇ يەنىلا مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولغانلىقى ھەمدە مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئېيتىلغان. بۇنىڭدىن بىز ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىنى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئۆز ھاياتىدا سانسىزلىغان كىشىلەرگە مۇزىكا ئىلمىنى ئۆگەتكەنلىكى ۋە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە سىڭدۈرگەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

ئاقارى ماندانىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى نەزەرىيىۋى، ئەمەلىي بىلىمى چوڭقۇر، ئەتراپلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ بىلىمى ۋە ماھارىتىدىن ئۆز شاگىرتلىرى زوق ئېلىپلا قالماي، شۇ دەۋر كىشىلىرىمۇ ھەتتا سۈي سۇلالىسى پادىشاھى سۈيياڭدى (605 — 618) مۇ ئالاھىدە لەززەت ھېس قىلغان. سۈيياڭدى ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاپ چەكسىز خۇشاللانغان ھالدا: «كۆپ مۇزىكا ئاڭلىماق بەجايىكى كۆپ كىتاب ئوقۇماق» دېگەن.

يىغىنچە تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاقارى ماندا پادىشاھ سۈي ياڭدىنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن ئۇنىڭ «ياشا»، «پەرىزاتنىڭ مېھمان بولۇشى»، «قەدىم ئوردىغا قايتىش»، «شادلىق كۆلى» قاتارلىق 15 پارچە نەزمىگە نەغمە ئىشلەپ بەرگەن. ئۇ يەنە «12 مەۋسۇم نەغمىسى» قاتارلىق مۇزىكىلارنى ئىشلىگەن ھەمدە ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ نەزمىلىرىگە نەغمە ئىشلىگەن.

«يۇيالڭ خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ ئالدىنقى توپلىمىدا كۆرسىتىلىشىچە، تاڭ دەۋرىدىكى كۇچا مۇزىكىلىرىنىڭ نوتىلىرى باز ئىكەن. بۇلداق بولغاندا ئاقارى ماندا كۇچا مۇزىكىلىرىنىڭ نوتىلىرىنى تولۇق بىلگەن دېگەن پەرەزگە كېلىمىز. ئەمما بۇ تېخى ئىسپاتلانمىغان ۋە بىزگىچە مەلۇم بولمىغان بىر ئىش. ئەگەر كۇچا مۇزىكىلىرىنىڭ تاڭ دەۋرىدە نوتىلىرى راستىنلا بولغان بولسا، بۇ دۇنيا مۇزىكا ئىلمى ساھەسىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر چوڭ مۆجىزە بولىدۇ. بۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخشۇناسلىقنىڭ تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە باغلىق ئىش.

# مانى دىنى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى مويۇنچۇر بۆكۈخان

مويۇنچۇر بۆكۈخان (تەخمىنەن VII ئەسىرلەردە ئۆتكەن) ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئەربابى، مانى دەۋرى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى، ئۇيغۇر خاقانى، داڭلىق گېنېرال.

مويۇنچۇر بۆكۈخان (بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ئىلخان دەپمۇ ئېلىنغان) ئورخۇن ۋادىسىدا ياشىغان شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، مىلادىنىڭ 744 - يىلى كۆك تۈرك خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، تۇنجى ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان كۆل بىلگە خاقان (كېيىنچە ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە كۆل خاقان دەپ ئاتىغان) نىڭ ئوغلى بولۇپ، دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن (747 - يىلى) خاقان بولغان. مويۇنچۇر بۆكۈخان نەسەب جەھەتتىن «توققۇز ئۇيغۇر» لارنىڭ «ئىچكى توققۇز ئۇيغۇر» لىرىغا تەئەللۇق بولغان ياغلا قار قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان.

ئورخۇن — ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئورخۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار يەنىلا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئېتىقاد قىلغان شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. شامان دىنى: تەڭرى بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ياراتقۇچىسى، ئاسمان، يەر

ۋە پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمى ئۆتىدىغان بىردىنبىر ئىلاھ دەيدىغان كۆز قارىشىنى تەشەببۇس قىلاتتى. شامان دىنى باخشىلىرى (ئۇستازلىرى) نىڭ ۋەزىپىسى ئىبادەتخانىدا ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىش، خەلقلەرگە شامان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى سىڭدۈرۈش ۋە دىنىي ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىش ئىدى.

مويۇنچۇر بۆكۈخان تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تەكلىپى بىلەن 757 - يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ (بۇ چاغدا خوتەن خانلىقى بىلەن تۇرپان خانلىقىمۇ ئەسكەر ئەۋەتكەن) تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن ئەن لۇشەن — شى سىمىڭ (ئۆگلۈك — سۆيگىن) ئىسيانىنى تىنچىتىپ تاڭ پادىشاھىنىڭ چاڭئەن، لوياڭلارنى قايتۇرۇۋېلىشىدا زور خىزمەت كۆرسەتكەن. تاڭ پادىشاھى بۇ ئىشتىن خۇشاللىنىپ ئۆزىنىڭ كىچىك قىزى مەلىكە نىڭگونى مويۇنچۇر بۆكۈ خانغا خوتۇنلۇققا بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭغا «باتۇر، ھەيۋەتلىك قۇتلۇق بىلگە» دېگەن نامنى ئىنئام قىلغان.

مويۇنچۇر بۆكۈخان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تۇرغان چاغلىرىدا مانى دىنىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى مانى دىنى زەردۇش، خرىستىئان ۋە بۇددا دىنلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ۋە شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن دىن بولۇپ، يۇقىرىقى دىنلاردىن كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى. بۇ دىنىنىڭ يادروسى: «پۈتۈن ھاياتنىڭ كۆرۈشى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ھەق بىلەن ناھەق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتۇر. نەپسىنى تىزگىنلىيەلىگەن ئادەم يامانلىقتىن

ساقىت بولالايدۇ. بولمىسا ئۆزىمۇ، ماددىي دۇنيامۇ ھالاك بولىدۇ» دېگەن ئىدىيىنى يېتەكچى قىلغان يېرىم دىنىي، يېرىم پەلسەپىۋى مەزمۇندىن ئىبارەت ئىدى. ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار بولغان مويۇنچۇر بۆكۈخان شامان دىنى بىلەن مانى دىنىنىڭ پەرقلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن قايتىشىدا لوياڭ شەھىرىدىن تۆت نەپەر ئىرانلىق مانى راھىبلىرىنى ئېلىپ ئۇرخۇنغا كېلىدۇ. بۇ راھىبلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىم ئىقتىدارى، دوختۇرلۇق ساھەسىدىكى تەجرىبىلىرى بىلەن ئۇرخۇلدىكى شامان باخشىلار (ئۇستاز، ئوقۇتقۇچىلار) نى مۇنازىرىدە يېڭىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن مانى دىنىنىڭ شەرقىي ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئابرويى بىردىنلا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ (مىلادىنىڭ 763 - يىلىدىن باشلاپ شەرقىي ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىدۇ). شۇنىڭ بىلەن مويۇنچۇر بۆكۈخان بۇ راھىبلارنى ئوقۇتقۇچىلىققا دەۋەت قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى تەشكىللەپ، ھەر ئون ئۆيلۈككە بىردىن خەلپەت بېكىتىپ ئۇلارنى ئوقۇتىدۇ. ئوقۇش مەزمۇنى مانى تەلىماتى بويىچە يېرىم دىنىي، يېرىم پەلسەپىۋى ئاساستا بولىدۇ. مويۇنچۇر بۆكۈخانىنىڭ ئاساس سېلىشى بىلەن كېيىنچە شەرقىي ئۇيغۇرلاردا ئۇرغۇنلىغان مانى ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشىپ چىقىپ، ھەتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرگىچە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ ۋە مانى دىنىنى تەرغىپ قىلىدۇ.

## ماگاربپچى، شائىر كەكمېنىر

كەكمبنىر (تەخمىنەن VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە) بۇددىزم مائارىپىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياشىغان مائارىپچى، شائىر، بۇددىزم ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىسى.

كەكمبنىر VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قەدىمكى مىران (هازىرقى چارقىلىق) دېگەن يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، هەرقايسى پەنلەر بويىچە بىرقەدەر ئەتراپلىق بىلىم ئالغان. ئۆز ئانا تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپلا قالماي خەنزۇ تىلىنىمۇ ناهايىتى پىششىق ئۆگىنىپ جۇڭگونىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن بىۋاسىتە پايدىلىنالايدىغان ۋە خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يازالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. ئەدەبىيات (بولۇپمۇ شېئىرىيەت) ئىلمىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ جۇڭگونىڭ كلاسسىك شائىرلىرى لى بەي، دۇفۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۈرنەك ئېلىپ دەۋر روهىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، كىشىلەرنى بىلىم ئېلىشقا ئۈندەيدىغان كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ يازغان خېلى بىر قىسىم شېئىرلىرى تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە خەنزۇ مەكتەپلىرىدە دەرسلىك سۈپىتىدە ئوقۇتۇلۇپ كېلىنگەن.

كەكمبنىرنىڭ هاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى هەققىدە

تولۇق مەلۇمات يوق. ئىجادىي پائالىيىتىدىن بىزگە مەلۇم بولغىنى پەقەت يېقىندا خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن، قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان بىر شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭغا «خەت ئۈگىنىش»، «بالامغا تەلىم»، «چىلبۆرىلەر ئۈستىدىن شىكايەت» ۋە «كۆمۈرچى بوۋاي» قاتارلىق شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى پارچە شېئىرى شائىرنىڭ «ئاتىسىنىڭ ئىدىيىسى، ئىلىم - پەنگە بولغان قىزىقىشى ۋە ئىلىم - پەننىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى رولىغا بولغان باھاسىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ، كىشىلەردە ماتارىپنىڭ مۇھىملىقىغا قارىتا چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ «بالامغا تەلىم» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار:

بالام كۆدەك ئوقۇشقا كۆڭۈل قويمايدۇ،
كىتاب ئىچىدە ئالتۇن بار، ئۇنى ئوقمايدۇ.
بىلسە ئىدى كىتابتىكى ئالتۇن قەدرىنى،
ئوقۇر ئىدى تاڭ ئاتقۇچە يېقىپ چىراغنى.

شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان يەنە بىر ئەسىرى — 815 - يىلى يېزىلغان «چىلبۆرىلەر ئۈستىدىن شىكايەت» دېگەن شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭدا جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن تۈبۈت (تىبەت) باسقۇنچىلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭچىلىقى ئۈستىدىن كۈچلۈك شىكايەت قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى نامايان قىلغان؛

شەرقتىن كەلگەن چىلبۆرىلەر ئىنىمىزنى يەپ كەتتى،
شوراپ قانى يىلىكنى بارىمىزنى ئەپكەتتى.
ئاشلىقىمىز خامانىدا، بوزلىرىمىز دۇكانىدا،
تۇرغان پېتى شۇلارنىڭ ئولجىلىرى بوپ كەتتى.
قاچان بولسا بىر كۈنى يەر، ۋە جاھان ئۆزگىرەر،
چىلبۆرىلەر يوقىلىپ، بىزگە يورۇق تاڭ كېلەر.

- بۇ شېئىر ئەينى ۋاقىتتىكى رېئاللىقنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئالغا سۈرگەن ئىدىيىنىڭ يۈكسەك بولۇش جەھەتتىدىلا ئەمەس، تىلىنىڭ ئاددىي - ساددا، چۈشىنىشلىك، ئاممىباب، ئوبرازلىق ۋە ھېسسىياتىنىڭ ساغلام، ھەققانىي بولۇشىدەك بىر قاتار بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بىلەنمۇ قەدىمكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئۆلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ.

## ئۇيغۇر ئالىمى، مەشھۇر ئوقۇتقۇچى
## سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ

سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ (تەخمىنەن X ئەسىرلەردە ياشىغان) ئۇيغۇر ئالىمى، مەشھۇر ئوقۇتقۇچى، داڭلىق تەرجىمان، ئەدىب، يېتىشكەن تىلشۇناس ۋە تەتقىقاتچى.

سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بەشبالىق (جىمسار) دا دۇنياغا كەلگەن. ئىدىقۇت (تۇرپان — ئاستانە)، بەشبالىق (جىمسار) قاتارلىق جايلاردا بىلىم تەھسىل قىلىپ ئۆز دەۋرىگە يارىشا ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بولغان. سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ ئىنتايىن تىرىشچان، زېھنى ئۆتكۈر بولغاچقا، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا يەنە تۇخار تىلى، ئەنەتكەك - سانسكرىت تىلى، خەنزۇ تىلى، تاڭغۇت تىلى قاتارلىق تىللارنى پىششىق ئۆگەنگەن ۋە بۇ تىللاردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر مەدەنىيەت، مائارىپ، تەرجىمىگە دائىر تەتقىقات ماقالىلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ ئىنچىكە تەتقىق قىلغان. تۇرپان ئاستانە، جىمسار قاتارلىق جايلاردا ئۇزۇن يىللار ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئارقىلىق سانسىزلىغان شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ زور شۆھرەت قازانغان.

سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ گەرچە ئۆز زامانىسىنىڭ ئەنە

شۇنداق داگلىق كىشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي، ئىجادىي ۋە ئىلمىي پائالىيىتى توغرۇلۇق كىشىلەر قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك تولۇقراق مەلۇمات يوق. دەسلەپكى ئىزدىنىش ماتېرىياللىرى ۋە خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە قالدۇرۇلغان قىسمەن خاتىرىلەردە: «سىنقۇ سىپلى تۇتۇڭنىڭ ئەسلى ئىسمى سىنقۇ بولۇپ سىپلى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن» دېيىلگەن. تۇتۇڭ ئۇنىڭ راھىبلىق (ئوقۇتقۇچىلىق) مەرتىۋىسىگە بېرىلگەن نام ئىكەن، ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدە ياشىغان ئالىم، ئوقۇتقۇچى، ئەدىب ۋە ئۆلىمالارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بۇددا ئىبادەتخانا - دىنىي مەكتەپ - لىرىنىڭ راھىبلىرى - ئوقۇتقۇچىلىرى - بولۇپ، ئۇلار بۇددا دىنى ئىلمىنىڭ دەرىجىسى بويىچە تۈرلۈك ئەمەل ۋە مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن. تۇتۇڭ ئەنە شۇ ئەمەل ۋە مەرتىۋىنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىكى ھېسابلىنىدىكەن). شۇ خاتىرىلەردە يەنە ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ۋە تەرجىمە خىزمىتىدە ئۇزۇن دەۋردىن تارتىپ قوللىنىپ كېلىنىۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ زامان پېشىلىكى بولۇشتەك كەمتۈكلۈكىنى تولدۇرۇش يۈزىسىدىن ئىجادىي تەر ئاققۇزۇپ (ئۇنىڭغا يەنە بېرنى تولۇقلاپ) ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ زامان پېشىلىنى ئۇچ قىلىپ ئۆزگەرتكەنلىكى يېزىلغان. بۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا قوشقان ئەڭ زور تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەرجىمىدە سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىش ئەمەس، ئۇيغۇر تىلىغا بويسۇندۇرۇش، سىڭدۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. شۇڭا ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى تىلىنىڭ راۋانلىقى، گىرامماتىكىلىق قائىدىلەرگە مۇ-

كەممەللىكى بىلەن ئۇنى شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر تىلشۇناسى،
ئانا تىلىنىڭ ماھىر ئۇستىسى قىلىپ تونۇتقان.

سىنقۇ سېلى تۇتۇڭنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن
ئىجادىي ئەمگىكى خەلقئارا تۈركولوگلار تەرىپىدىن «تۈركىي
تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن بىر قاتاردا تۇ-
رىدۇ، دەپ قارالغان «ئالتۇن يارۇق» (ئالتۇن رەڭلىك نۇر
چېچىپ، ھەممىدىن ئۈستۈن نۇرۇندا تۇرىدىغان
شاھانە ئەسەر) بىلەن «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە
«ئابخادخارھاكوشاھ» قاتارلىق ئۈچ تەرجىمە ئەسەردىن ئىبا-
رەت. سىنقۇ سېلى تۇتۇڭ خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجى-
مە قىلغان بۇ ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىش تەس ۋە قىيىن
بولغان قەدىمكى خەنزۇ يېزىقى، «ئالتە سۇلالە ئۇسلۇبى»
بىلەن يېزىلغان بولۇشىغا قارىماي سانسكرىتچە، تىبەتچە،
موڭغۇلچە ۋە خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرىغا قارىغاندا بەك-
مۇ مۇكەممەل، تولۇق، ئۆز ئانا تىلىنىڭ تىل خۇسۇسىيەت-
لىرىگە لايىقلاشقان، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك چىققان. شۇ
ئەسەرلەر ئىچىدىكى، قەدىمكى شېئىرىيەت شەكلى بىلەن
يېزىلغان شېئىرلارنىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيەت شەكلى
بويىچە جانلىق، ئوچۇق ھەم راۋان تەرجىمە قىلىپ چىققان.
شۇ ئەسەرلەردىكى چۈشىنىش قىيىن بولغان جايلىرىنى
ئوقۇتقۇچىغا خاس مېتود، يۇقىرى سەۋىيە بىلەن ئىزاھلاپ
چۈشەندۈرگەن، ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەش ئىمكانىيىتى بول-
مىغانلىكى ئاتالغۇلارنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلىگەن. ئىمكانىيەت

يار بەزمىگەنلىرىنى خەنزۇچە ئەمەس، ئەسلىدىكى ئەنەتكەك ـ
سانسكرىت تىلىدىكى ئاتالغۇسى بىلەن ئالغان. شۇنداق
قىلىش ئارقىلىق تەرجىمىنى ھېسسىيات، كۆز قاراش جەھەت ـ
تىن بېيىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس ئۇسلۇبتىكى مۇكەم ـ
مەل بىر ئىلمىي ئەمگەككە ئايلاندۇرغان.

## مائارىپچى ئاپرىنچۇر تېكىن

ئاپرىنچۇر تېكىن X ئەسىردىن كېيىن ئىدىقۇت مائارىپى يېتىشتۈرگەن ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق مائارىپچىسى ۋە شائىرى.

ئاپرىنچۇر تېكىننىڭ ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي، ئىجادىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق دېيەرلىك بولۇشىغا قارىماي، تارىخىي پاكىتلار ئۇنىڭ تۇرپاننىڭ بۆيلۇق دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى، مانى دىنى شارائىتىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا دىنىي ئۆلىماسى، مائارىپچىسى ۋە شائىرىغا ئايلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئاپرىنچۇر تېكىننىڭ مانى دىنى شارائىتىدا يېتىشكەن مائارىپچى ۋە شائىر بولغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى مىلادى 840 - يىللىرىدىن بۇرۇنقى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانى بولغان موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىن كۆچۈپ كېلىپ تۇرپانغا يەرلەشكەن ئۇرخۇن ئۇيغۇرلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن.

تۈركىيىلىك تۈركشۇناس، مەشھۇر ئالىم رەشىد رەھمەتى «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» دېگەن كىتابىدا بۈگۈنگىچە نامىلا بولۇپ ئىجتىمائىي، ئىجادىي ئەمگىكى تونۇلمىغان بۇ ئۇيغۇر شائىرىنىڭ «مەرسىيە» ۋە «نەزىم» ناملىق ئىككى

چارچە شېئىرنى تېپىپ دۇنياغا تونۇتتى. ئۇ بۇ شېئىرلىرىدا ئۆز دەۋرىنىڭ شېئىرىيىتىگە خاس بولغان بادى، ئاياغ قاپىيە قوللانغان. بۇ شېئىرلارنىڭ ۋەزنى، قاپىيە، شەكىل، تۈر جەھەتتىن خىلمۇخىل بولۇشى ئاپىرىنچۇر تېكىنىنىڭ شېئىرىيەتتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە سىستېما ياراتقان تالانتلىق سۆز سەنئەتكارى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا يېزىق، تارىخى باشلانغاندىن بۇيان مەكتەپ، مائارىپ ئىشلىرىغا ئۇنچە ئاساس سېلىنغان ئورۇن — تۇرپان ئىدىقۇت دېيىلىندۇ. ئىدىقۇت ئەينى زاماندا شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتى بىر - بىرى بىلەن سىڭىشىپ يۇغۇرۇلغان مەركىزى تۈگۈن ئىدى. بۇ جايدا تۈرلۈك دىنلار، ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. ئىدىقۇت دۆلىتىدە شۇ چاغلاردا كاتتا ئىبادەتخانا، مەكتەپلەر ئېچىلغان، نۇرغۇن كىتابلار بېسىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار تارىخىدا كىتابلار ئەڭ كۆپ يېزىلىپ ساقلانغان جايمۇ ئەنە شۇ ئىدىقۇت ئىدى. بۇ يەردىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار بىر نەچچە ئون تۈمەندىن ئاشىدۇ.

ئەينى زاماندىكى ئىدىقۇت مائارىپى توغرۇلۇق ئاتاقلىق سەيياھ ۋاڭ يەندى (939 — 1006) ئۆزىنىڭ «ئاستانە خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازغانىدى: «... ئىدىقۇتتا كەسپىي مۇئەللىملەر بار ئىكەن. ئۇيغۇرلار شېئىر ۋە قوشاقىقا خۇشتار ئىكەن. ئۇلار ئۆز يېزىقىنى كۈندىلىك ئېھتىياج ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، كىتابلارنى يېزىشقىمۇ ئىشلىتىدىكەن. ئۇ يەردە ھەر خىل تىللاردا يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنى كۆردۈم ...»

دېمەك، مۇشۇنداق تارىخي شارائىتتا يېتىشكەن ئاپىرىن چۇر تېكىننىڭ ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي، ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى ئىزدەپ تېپىش VIII ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ تارىخىنى بىلىش ۋە ئۆگىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## پىداكار ماتېرىيالىست، ئارستوتېلدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئۇستاز ئەبۇ نەسىر فارابى

فارابى (870 — 950) — ئۇيغۇر - قارلۇق ئالىمى، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام شەرقىدىكى تەڭداشسىز مۇتەپەككۇر، شەرق پەلسەپىسىنىڭ ئاتىسى، ئىنسانىيەتنى ئەقلىي، ئەخلاقىي، ئىستېتىك جەھەتتىن ئۆزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈش ۋە بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدا پۈتۈن ھاياتىنى سەرپ قىلغان پىداكار ماتېرىيالىست.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تارىخىدا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى، ئورۇننى ئىگىلىگەن ئېنسىكلوپېدىك (ئۇنىۋېرسال، ھەممە جەھەتتىن يېتىشكەن) ئالىم فارابىنى ئىلىم ئەھلىلىرى يېقىنقى زامانغىچە ئۇنىڭ مىللىي كېلىپ چىقىشى ۋە تۇغۇلغان يۇرتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي «ئەرەب ئالىمى» دەپ تونۇپ كەلگەنىدى. فارابىنى تەتقىق قىلغۇچى مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى ئىبىن خەلكان «ۋەقىئەتۇل ئەئىيان» ناملىق ئەسىرىدە، سەئىدمۇھەممەت باقىر «دەۋزەتۇل جانان» ناملىق ئەسىرىدە، ئەخمەت ئەيسا «ئەل مەئسۇرەتىن كالامول ئەسە» ناملىق ئەسىرىدە ۋە مۇھەممەد فەرىد «دائىرە تۇل مۇئارىف» ناملىق ئەسىرىدە بىردەك ئۇنى «مۇلكى چىن (خاقانىيە

دۆلىتى) كاشغەرگە قاراشلىق بالاساغۇن يېنىدىكى فارابتا تۇغۇلغان» دەپ قەيت قىلىشقان.

دېمەك، ئۇيغۇر ئالىمى ئەبۇنەسىر فارابى (تولۇق ئىسمى: ئەبۇنەسىر مۇھەممەت ئىبنى ئۇزلۇق ئىبنى تارخان) قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بالاساغۇنغا قاراشلىق سىر ۋە چۇ دەريالىرى ئارىلىقىدىكى فاراب (ئوترار) شەھىرىنىڭ ۋاسىنج (چىك قوتان) ھەربىي قەلئەسىدىكى قارلۇق سەركەردىسى ئۇزلۇق تارخان ئائىلىسىدە ھىجرىيىنىڭ 295 - يىلى (مىلادىنىڭ 870 - يىلى) دۇنياغا كەلگەن.

فارابىنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ئۆز يۇرتى فاراب، قەشقەر ۋە بالاساغۇندا ئۆتكەن. ئۇ 30 ياشقا كىرگۈچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوقۇپ ۋە بىلىم تەھسىل قىلىپ ئۆز يۇرتىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دەسلەپكى مەلۇماتىنى ئالدۇ ۋە كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توققۇز چاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى شەھىرى بولغان سۇتكەنت، قىدىركەنت، تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەردە ئۇيغۇر - تۈركىي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى، مۇزىكا سەنئىتىنى پىششىق ئۆزلەشتۈردۇ. ئەينى زاماندىكى «ئۈچ ئىلىم» دەپ ئاتالغان «نەھۋى» (گرامماتىكا)، ئىلمى فاساھەت (ئىستىلىستىكا)، ئەخلاق دەرسلىرى بىلەن «تۆت بىلىم» دەپ ئاتالغان ھىساب (ئارىفمېتىكا)، مۇزىكا، ھەندىسە (گېئومېترىيە)، ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ئاساسلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. 30 ياشتىن ھالقىغاندا (تەخمىنەن 901 - يىللار ئارىلىقىدا)، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ مەركىزى باغداد شەھىرىگە كېلىپ ئەرەب، گرېك

تىللىرىنى ۋە لوگىكا ئىلمىنى ئۆگىنىدۇ ھەمدە تېز ئارىدا ئۆز ئۇستازلىرىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئۇلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ. 908 — 932 - يىللار ئارىلىقىدا ھىرات (ئافغانىستاندا) قا كېلىپ مەشھۇر خىرىستىيان پەيلاسوپى يۇھەننا ئىبنى ھەيلاندىن لوگىكا ئىلمىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ يەنە باغدادقا قايتىپ شۇ دەۋردىكى ئاتاقلىق تىلشۇناس بىننى سەرراجقا لوگىكا ئۆگىتىش بەدىلىگە ئۇنىڭدىن گراماتىكا ئۆگىنىدۇ.

فارابى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي كۈرەشلەر ۋە قوراللىق نىزالار تۈپەيلى يەنە سەرگەردانلىق بىلەن شىمالىي سۈرىيە سۇلتانى سەيفۇل دەۋلە سارىيىغا بېرىپ، سۇلتانىنىڭ ئۇستازى سۈپىتىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 339 - يىلى (مىلادىنىڭ 950 - يىلى) ماھى رەجەپتە (12 - ئايدا) سۈرىيىنىڭ دەمەشق شەھىرىدە 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. جەسىتى شۇ شەھەرنىڭ «باب ئەل سەغىر» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

فارابى ئۆز ھاياتىدا ئىلىم - پەندىن غەيرىي دوست تۇتمىغان (ئىلىم - پەننى دەپ ھەتتا بالا - چاقىلىقمۇ بولمىغان)، پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم - پەنگە بېغىشلىغان. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى فارابىنى مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى ئەڭ تالانتلىق، پاساھەتلىك، ئېنسىكلوپېدىك قىلىپ يېتىشتۈرگەن. ئۇ 50 ياشتىن ھالقىغاندا ئۆز دەۋرىنىڭ تەڭداشسىز پەيلاسوپى، ئەرەب ناتۇرالىستىك فانتىزمى («خۇدا تەبىئەتتىن تاشقىرى ئەمەس، بەلكى تەبىئەت بىلەن تەڭ

ئورۇندا» دەپ قاراپ، تەبىئەتتىن ھالقىغان مەنبەنىڭ بولۇشىنى ئىنكار قىلىدىغان ئىلغار كۆز قاراشتىكى پەلسەپۋى تەلىمات) سىستېمىسىنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە زور شۆھرەت قازانغان ۋە ئارستوتېلدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئۇستاز (مۇئەللىمىن ئەل سانى) دەپ ئاتالغان.

بىز بۇ تېمىمىزدا پەقەت فارابىنىڭ مائارىپ ئىدىيە-سى، مائارىپقا قوشقان تۆھپىسى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتى ئۈستىدە توختىلىمىز.

فارابى ئۆز ھاياتىدا بىر يۈز ئاتمىشتىن ئارتۇق ئەسەر يازغان بولۇپ (بەزى ماتېرىياللاردا يەنە «فارابى ئۆز ھاياتىدا 300 پارچىغا يېقىن ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان»① دېيىلگەن)، ئۇنىڭ چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرلىرى بىلەن كۆپلىگەن فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، بىئو-لوگىيىگە ئائىت ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلا-مىيەت شەرقىدە پەلسەپە، لوگىكا، ماتېماتىكا، مۇزىكا، ئىجتىمائىي ئىدىيە، ئېستېتىكا ۋە ئەخلاق قاتارلىق كۆپلە-گەن ساھەلەردە تەڭداشسىز ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئىكەنلى-كىنى ئىسپاتلاپلا قالماي، ئۇنىڭ يەنە ئۇيغۇر مائارىپىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام شەرقىنىڭمۇ مائارىپ پېشۋاسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

فارابىنىڭ ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام شەرقىي مائارىپىغا قوشقان تۆھپىسى ئىنتايىن مول بولۇپ، يىغىنچاقلىغاندا مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

① ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن.

1. ئۇ تۇنجى قېتىم لوگىكىنى «ئىلمىي مەنتىقە»، يەنى تىل ۋە تەپەككۇر ھەققىدىكى پەن دەپ ئاتىغان.

2. پەنلەرنى تۈرلەرگە ئايرىپ چىققان. ئۇ «ئىھسال ئۇلۇم» (ئىلىملەرنى تۈرلەرگە ئايرىش) ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا پەنلەرنىڭ ئەڭ ئىلغار ۋە تەپسىلىي كلاسسىفىكاتسىيە (تۈرلەرگە ئايرىش) تەرتىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئارىستوتېل پەنلەرنى «نەزەرىيىۋى پەنلەر»، «ئەمەلىي پەنلەر» ۋە «ئىجادىي پەنلەر» دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلگەن بولسا، فارابى پەنلەرنى تىل ئىلىملىرى (يەتتە ئىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، لوگىكا ئىلمى، ماتېماتىكا ئىلمى (يەتتە ئىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، فىزىكا ۋە مېتافىزىكا ئىلىملىرى (ئالدىنقىسى سەككىز ئىلىمنى، كېيىنكىسى ئۈچ ئىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ئىجتىمائىي ئىلىم (ئەخلاق، دۆلەت، ھوقۇق پەنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن ئىبارەت بەش قىسىمغا بۆلگەن. فارابى مۇشۇ بەش قىسىم بويىچە پەنلەرنى يەنە 16 خىلغا ئايرىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ، تىل - ئەدەبىيات، لوگىكا ۋە ماتېماتىكىنى قورال پەنلەرگە؛ فىزىكا، خىمىيە ۋە بىئولوگىيىنى كونكرېت تەبىئەت پەنلىرىگە، پەلسەپە ۋە روھىي ھالەت ئىلمى (پسىخولوگىيە) نى تەبىئەت پەلسەپىسى پەنلىرىگە، قالغان ئىجتىمائىي پەنلەرنى سىياسىي پەنلەرگە ئاجراتقان.

3. ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ماتېماتىكى سۈپىتىدە ئونلىغان ئەسەرلەر ياكى شەرھلەر يېزىپ، تىرىگونومېترىيە ۋە قۇرۇلمىلىق گېئومېترىيىنى راۋاجلاندۇرۇش، سان توغرىسىدىكى كەڭ ئۇقۇمنى ۋە ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى كۆز

قارىشىنى ھازىرلاشتا غايەت زور رول ئوينىغان. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى چوڭ تۆھپىلىرى: ماسسا بىلەن سانىنىڭ مۇناسىۋىتى چۈشەنچىسى، كېڭەيتىلگەن سان ھەققىدىكى چۈشەنچە، ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى چۈشەنچىسى، گېئومېترىك جەدۋەلنى تۈزۈش پرىنسىپلىرى، خوردا سىنۇس - كوسىنۇسلىرىنىڭ بىر گرادۇستىكى ئەھمىيىتى، تىرىگونومېترىك چەمبەردە رادىئۇس (كەسمە)، تانگېنس، (زىسال مەكۇس)، كوتانگېنس (زىسال مەستاۋ) نىڭ ئەھمىيىتى؛ خالىغان ئۈچ بۇلۇڭ ئۈچۈن تەكشى يۈزلۈك سىنۇس تېئورېمىسى، تۈز بۇلۇڭلۇق تار شەكىللىك ئۈچ بۇلۇڭ ھەققىدىكى سىنۇس ۋە تانگېنس تېئورېمىسىنى ئىسپاتلاپ چىقىش؛ «ماتېماتىكىلىق تارماق پەنلەر ۋە ماتېماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرگە يېڭى تەرىپ بېرىش» «ماتېماتىك لوگىكا ۋە ئاستروماتېماتىكا تەتقىقاتى ھەققىدە تەشەببۇس» قاتارلىق ئەسەر ۋە ماقالىلىرىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ.

4. فارابى ئوتتۇرا ئەسىر شەرقىدىكى يىرىك تەبىئەتشۇناس سۈپىتىدە «ھاۋاسىز بوشلۇق» مەسىلىسى ۋە «ھاۋا بېسىمى»، «بېسىم پەرقلىرى» چۈشەنچىسىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان.

5. فارابى يەنە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ سەنئەتكار ۋە سەنئەت ئۇستازى. ئۇ مۇزىكا ئەسۋابى قالۇن، تەمبۇرنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا بايلىقى بولغان راك، ئۇشاق، ئۆزھال مۇقاملىرىنى ئىجاد قىلىپلا قالماي، مۇزىكا ئىلمى ھەققىدە ئىككى قىسىملىق «كىتابۇل مۇسىقۇل كەبىر» (مۇزىكا ئىلمى ھەققىدە چوڭ كىتاب) ناملىق

نەزەرىيەۋى دەرسلىك كىتابىنى تۈزۈپ چىقىپ، مۇزىكا نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسچىسىغا ئايلانغان.

فارابى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەرقايسى پەنلەردىكى بىر پۈتۈن تەلىماتلار ئىلىم دۇنياسىدا فارابىزم دەپ ئاتىلىپ ۋە فارابىزمنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئارقىلىق «ئىخۋانۇل سافا ۋە كۇللىبان ئەل ۋاپا» ئىلمى مەكتىپىگە كەڭ تارقالغان ۋە ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئۈچۈن بىۋاستە ئىدىيەۋى مۇقەددىمە مۇزىكىسى بولغان.

فارابى بىزگە ۋە پۈتكۈل ئىلىم دۇنياسىغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلمىي مىراسلار ئۈستىدە ھازىر گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، ئىسپانىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، چېخوسلوۋاكىيە، ۋېنگرىيە، تۈركىيە، مىسىر، سۈرىيە، ئىراق، ئىران، پاكىستان، ھىندىستان ۋە ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەر تەرجىمە قىلىش، تونۇشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش بويىچە زور ئىلمىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا. بىر تۈركۈم خەلقئارالىق فارابىشۇناسلار چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەرنى يېزىپ ئېلان قىلماقتا.

بىزدىمۇ فارابىشۇناسلار چىقىۋاتىدۇ ۋە بۇندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ چىقىدۇ. فارابىنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى خەلقىمىز ئالدىدا نامايان بولىدىغان پەيت چوقۇم يېتىپ كەلگۈسى.

# ئۇيغۇر كلاسسك مائارىپىنىڭ بۈيۈك ئۇستازى يۈسۈپ خاس هاجىپ

يۈسۈپ خاس هاجىپ (تەخمىنەن 1016 — 1090 - يىللىرى) ئۇيغۇر كلاسسك مائارىپىنىڭ ۋە قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ بۈيۈك ئۇستازى، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، ئالىم، شائىر؛ ئىلىم-پەن ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئۈچۈن كۈرەشكۈچى قەيسەر جەڭچى.

قاراخانىلار دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ پەخىرلىك نامايەندىسى بولغان يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ شۆھرىتى تۈركىي خەلقلەر، ئوتتۇرا شەرق مۇسۇلمان دۇنياسى ۋە ياۋروپادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا شۇنچە كەڭ تارقىلىشىغا قارىماستىن، ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە ئىنىق مەلۇمات ساقلانمىغان. ئۇنىڭ نادىر ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىگ» تىكى ئازغىنا مەلۇماتلاردىن بىز بۇ دۆلەت ئۇستازىنىڭ تەخمىنەن 1016 - يىللىرى ئەتراپىدا قاراخانىلارنىڭ ئىككىنچى پايتەختى بالاساغۇندا دۇنياغا كەلگەنلىكىنى، بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدە قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىي قاتاردىكى ئالىمى، مائارىپشۇناسى ۋە مۇتەپەككۇرىغا ئايلانغانلىقىنى بىلەلەيمىز ۋە يەنە ئۇنىڭ 1069 — 1070 - يىللىرى قەشقەردە 82 باب،

6645 بېيت، 13290 مىسرادىن تۈزۈلگەن چوڭ ھەجىملىك داستانى — «قۇتادغۇ بىلىگ» (بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم) نى يېزىپ چىقىپ، قاراخانىلار خانى بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبن ئارسلانخانغا تەقدىم قىلىنغانلىقىنى چۈشىنىمىز. بۇغراخان بۇ يىرىك ئەسەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن شائىرنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى ۋە بىلىم - قابىلىيىتىگە قايىل بولغان ھەمدە ئۇنىڭغا «خاس ھاجىپ» (مەخسۇس مەسلىھەتچى) لىق مەرتىۋىسىنى بېرىپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر پېداگوگى ئىدى. ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسان تۇغۇلۇپلا بىلىملىك ۋە دانىشمەن بولمايدۇ، ئىنساننىڭ بىلىملىك بولۇشى بىلىمسىزلىكتىن بىلىشكە قاراپ راۋاجلىنىش جەريانى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. تەلىم - تەربىيە بىلىم ئېلىشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى. مائارىپسىز ئىلىم - پەننىڭ راۋاجلىنىشى مۇمكىن ئەمەس دېگەن كۆز قاراشلىرى جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق مائارىپچىسى كۇڭزى ۋە مېڭزىنىڭ «ياۋ - شۇنگە ئوخشاش دانىشمەنلەر تۇغۇلۇپلا بىلىملىك بولغان» دەيدىغان ئىدىئالىستىك كۆز قاراشلىرىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىنىڭ ۋە ئۆز دەۋرى مائارىپىنىڭ ئۇلۇغ ئىسلاھاتچىسى ئىدى. ئۇ گەرچە مەۋجۇت دۆلەت شەكلى، دۆلەت باشلىقى ۋە مائارىپ تۈزۈلمىسىگە قارىتا ئېتىراز بىلدۈرمىگەن بولسىمۇ، ئۆز ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ» دە سىياسىي، ئىجتىمائىي ساھە ۋە مائارىپ ساھە-

لىرىدە ئىسلاھات پروگراممىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەۋجۇت قانۇن - تۈزۈملەرنى، مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، پۇل ۋە مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە زور كۆلەملىك ئىسلاھات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ: تەلىم - تەربىيىنى كىچىكىدىن باشلاش كېرەك، ئەقلىي تەربىيە، ئەخلاقىي تەربىيە، جىسمانىي تەربىيە، ھۈنەر - ماھارەت تەربىيىسى (كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسى)، تۇرمۇش تەربىيىسى ۋە گۈزەللىك تەربىيىسى مائارىپنىڭ ئاسا-سىي مەزمۇنى قىلىنىشى كېرەك. بىلىش بىلەن ئىشلىتىشنى بىر-لەشتۈرۈپ، بىلىمنى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي، بەخت - سائادىتىگە قارىتىش كېرەك دېگەندەك ئىسلاھات كۆز قاراشلىرى ھازىر تارىخ تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەتتۇر.

مەشھۇر مائارىپچى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دىداكتىك ۋە پېداگوگىك داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» ئەينى زامان شەرق ۋە غەرب يازما يادىكارلىرى ئىچىدە بىر پۈتۈن دەۋ-رىنىڭ مائارىپ دەستۇرى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مەھەللى تارىخىي قىممىتىدىن ھالقىپ شەرق مەدەنىيەت - مائارىپ تارىخىدا نوپۇزلۇق قامۇسقا ئايلىنىپ، كەيكاۋۇس ئىبىن شەمسۇلمائالى قابۇس، ئەھمەد يۈكنەكى، نىزامۇل مۇلۈك قاتارلىق مائارىپشۇناسلارغا بىۋاستە پىكىر ئىلھامى ۋە مائارىپشۇناسلىق ئىدىيىسى بېغىشلىدى. چىڭگىزخان ۋە تۆمۈرلەڭلەرنىڭ ئىستېلا خانىۋەيرانچىلىقىدىن كېيىن شاھرۇق ۋە ئۇلۇغبېگ، بابۇر ۋە ناۋايى، ئەكبەر ۋە سۇلتان سەئىدخان قاتارلىق مەشھۇر مائارىپچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاستە ياكى

ۋاستىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان مەزگىللەردە ئالدى بىلەن قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى — «ساجىيە مەدرىسى» نىڭ راۋاجلىنىشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا «ساجىيە مەدرىسى» نىڭ بىنا بولۇشىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نامىغا باغلىق ئىكەن. ئۇنىڭ «بىلىم — بەخت ئاچقۇچى»، «ئەقىل — ھەرىكەت قىبلىنامىسى»، «دۆلەتنى ئىلىم بىلەن باشقۇرۇش»، «تىل — بىلىمنىڭ ئىپادىسى»، «گراممات-ىكا ۋە ھىساب ئەڭ مۇھىم پەن»، «ئالەم توختاۋسىز ھەرىكەتتە»، «بىلىم تەبىئەت سىرلىرىنى ئاچالايدۇ»، «بىلىم بولغاندىلا ئۈمىد بولىدۇ» دېگەن قاراشلىرى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ماتېرىيالىستىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن خانلىغا مەسلىھەت بېرىش يولى بىلەن بىلىم يۇرت-لىرىنى تەسىس قىلىش ئۈچۈن پۈتكۈل جەمئىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قەشقەردە ئۆتتى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قاراخانىلار-نىڭ پايتەختى قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان «ئاق مازار» غا دەپنە قىلىندى. ئالىم ۋاپات بولۇپ 1000 يىللاردىن كېيىن ئۇنىڭ مەقبەرىسى ياۋۇز «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىپ تۈزلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھازىر مەركىزىي مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش، ئاسراش ئىشخانىسى ۋە بۇ دۆلەت ئۇستازىنىڭ ۋارىسلىرى ئۇنى قايتىدىن ياساپ ئەسلىگە كەلتۈردى.

## ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى، جاھان تۈركلوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى مەھمۇت قەشقەرى

ئىبنى مۇھەممەت ئىبنى ھۈسەيىن مەھمۇت قەشقەرى (تەخمىنەن 1008 — 1105 - يىللار) قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ مەرىپەتپەرۋەر ئالىم، جاھان تۈركلوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، «ئىلىمگە ھۆددىگەر»، «ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ پىرى» دەپ نام ئالغان مەشھۇر پېداگوگ، داڭلىق جامائەت ئەربابى.

ئوتتۇرا ئەسىردە (IX ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە) ئۇيغۇرلار ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، ھىندىستان، ئىران، ئىراق، سۈرىيە قاتارلىق جايلاردا چەكسىز قاراخانىلار سۇلالىسى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى، غەزنەۋىلەر خانلىقى، سالجۇقىلار سۇلالىسى قاتارلىق كۈچلۈك، باي دۆلەت ۋە خانلىقلار قۇرۇلغان.

مانا شۇ دۆلەت ۋە خانلىقلار ئىچىدە قاراخانىلار بىلەن ئىدىقۇت خانلىقى مەدەنىيەت، مائارىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مېتالچىلىق، كانچىلىق، مەتبەئەچىلىك سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىق

ساھەلەردە ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانىدى.

قاراخانىلار X ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئەرەب يېزىقىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىر قاتاردا قوللانغان. قاراخانىلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بولغان قەشقەر، بالاساغۇن، ئوترار، ئىسپىجاپ، سەمەرقەند، تېرمىز قاتارلىق شەھەرلەردە ئوقۇپ يېتىشكەن ئۇيغۇر ئالىملىرى ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلەپ قەدىمكى ئەبرانى، يۇنان ۋە رىم مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيانى تونۇشتۇرغان ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، يېڭى يۈكسەك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋۇ-جۇدقا كەلتۈرۈشتە يەنىلا قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى.

بۇ چاغدا باغدادتا نىزامۇلمۈلك (1018 — 1092) تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان ئالىي بىلىم يۇرتى «نىزامىيە مەدرىسى» بىلەن بىر قاتاردا قەشقەردە «ساجىيە مەدرىسى»، «ھامىدىيە مەدرىسى» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، «ساجىيە مەدرىسى» دە ئۇلۇغ مەرىپەتپەرۋەر ئالىم، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۇستازى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپتەك مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىملىرى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەھمۇت قەشقەرىدەك ئۇلۇغ ئالىم، مەشھۇر پېداگوگلارنى يېتىشتۈرگەنىدى.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ شەخسىي تەرجىمھالىغا ئائىت ماتېرىياللار تېخى تولۇق ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ تەخمىنەن مىلادى 1008 - يىللار ئەتراپىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى 45 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىغ كەنتىدە تۇغۇلغانلىقى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە

شۇ ئوپالدا ۋاپات بولغانلىقى ھېچقانداق گۇمان تەلەپ قىلمايدۇ. مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «قەشقەرى» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسىنى قوشۇپ ئىشلەتكەن.

مەھمۇت قەشقەرى قاراخانلارنىڭ شاھزادىلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇھەممەت بۇغراخان (1056 — 1058 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ نەۋرىسى، ھۈسەيىننىڭ ئوغلى، دادىسى ھۈسەيىن بارسقانىغا ھاكىم بولغان مەرتىۋە-پەرۋەر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى بۇبى رابىيە ئۆز زامانىسىغا يارىشا يۇقىرى مەلۇماتلىق، ئىسىل پەزىلەتلىك، ئەقىللىق ئايال بولۇپ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ ئوغلى مەھمۇتنى كىچىكىدىن تارتىپلا ئەتراپلىق، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن.

مەھمۇت باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئانىسىدىن ۋە ئوپالدىكى دىنىي مەكتەپلەردىن ئالغان. ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتنى شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا شەرققە تونۇلغان قەشقەردىكى «مەدرىسەئىي ھامىدىيە»، «مەدرىسەئىي ساجىيە» قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىمام زاھىت، ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ قاتارلىق مەشھۇر ئالىم ۋە پېداگوگلاردىن ئالغان. زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تۈركىي تىللار گرامماتىكىسى، ئىلمى مەنتىق (لوگىكا)، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترولوگىيە)، تېبابەتچىلىك، ئەدەبىيات تارىخى قاتارلىق پەن ۋە بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىگەن ھەمدە ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ ياخشى ئۆگىنىپ ئۆز ئانا تىلىنى قوللانغاندەك

ئاشۇ تىللارنىڭ راۋان ئىشلىتەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكەن.

مەھمۇت قەشقەرى ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، نەيزىۋازلىق قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ باتۇر، چاققان، ماھىر سەركەردە بولۇپ يېتىشكەن.

كېيىنچە ئۆزى يازماقچى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا ماتېرىيال توپلاش مەقسىتىدە سىبىرىيىدىكى يەنسەي دەريا بويلىرى، سەتتەسۇ، ئىلى ۋادىسى، ئالتاي، سىر، ئامۇر ۋادىلىرى، ئېدىل، يايىق، دىنېپىر بويلىرى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ شۇ جايدا ياشىغان تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز - ئۇيغۇر، چىگىل ياغما، باسمىل، قىرغىز، بۇلغار، تاتار، باشقىرت، پەچەنەك قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىلى ۋە ئۇلارنىڭ پەرقلىرىنى، ئېتنوگراپىيىسىنى؛ تارىخىي، جۇغراپىيىۋى جايلىشىشلىرىنى؛ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگەن. 15 يىلدىن كېيىن تەخمىنەن 1055 - يىللىرى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.

تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، مەھمۇت قەشقەرى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ چوڭ دادىسى مۇھەممەتخان ئوغلى ھۈسەيىنگە (مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دادىسىغا) دۆلەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋاقتىدا، ئوردىدا جاڭجال چىقىپ مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ كىچىك خانىشى (كىچىك ئايالى) ئۆگەي ئوغلى ھۈسەيىن باشلىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنى تەختكە چىقارغان. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت بۇغراخان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان بىر قىسىم كىشىلەر

ئەشقەردىن قېچىپ غەربىي قاراخانىلار پاناھىغا كەلگەن. شۇ قاتاردا مەھمۇت قەشقەرىمۇ ئۇرغۇن جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاخىر باغدادقا يېتىپ بارغان.

مەھمۇت قەشقەرى باغدادقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇزۇن يىللار جاپا چېكىپ توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىشقا كىرىشكەن. بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ خېلى بىر قىسىم ۋاقتىنى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئەگەر بۇ رىۋايەت رېئاللىق دەپ قارالسا، ئۇنداقتا مەھمۇت قەشقەرى باغداتتىكى مەشھۇر ئالىي بىلىم يۇرتى «نىزامىيە مەدرىسى» دە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بولىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئەسلى قولىيازمىسىدىن كۆچۈرگەن كاتىپ ئىبنى ئەبۇبەكرىنىڭ بەرگەن ئىزاھاتىدىن قارىغاندا مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئەسىرىنى مىلادى 1072 - يىلى 1 - ئايدا يېزىشقا باشلاپ تۆت قېتىم تۈزىتىپ ئىشلەپ، مىلادىنىڭ 1074 - يىلى 2 - ئايدا تاماملاپ، ئەرەب ئابباسلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇھەممەدىل موقتەدى بىئەمروللاغا تەقدىم قىلغان.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يەنە «كىتابۇ جاۋاھىرىن نەھۋى فى لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار گىرامماتىكىسىنىڭ جەۋھەرلىرى) ناملىق بىر ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. لېكىن بۇ كىتاب ھازىرغىچە تېپىلمىدى.

تەخمىنلەرگە ئاساسلانغاندا، مەھمۇت قەشقەرى 1080 - يىللىرى ئەتراپىدا باغدادتىن قەشقەرگە قايتىپ

كېلىپ ئانا يۇرتى ئوپالغا جايلاشقان ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن «مەدرىسەئىي مەھمۇدىيە» دەپ ئاتالغان بىر ئالىي بىلىم يۇرتىنى تەسىس قىلىپ، ئۇن نەچچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، تەخمىنەن مىلادى 1105 - يىلى 97 يېشىدا ئوپالدا ۋاپات بولغان. جەسەدى ئوپالنىڭ ئازىغ كەنتىگە (ھازىرقى ھەزرىتى موللام» غا) دەپنە قىلىنغان.

مەھمۇت قەشقەرى «مەدرىسەئىي مەھمۇدىيە» دە تەرەپ - تەرەپلەردىن كەلگەن نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئالاھىدە مەلۇماتلىق كىشىلىرىگە ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، پېداگوگىكىلىق تەربىيىسىنىڭ جانلىقلىقى ئۆز دەۋرىدىكى شاگىرتلارنى چوڭقۇر قايىل قىلىپلا قالماي، پۈتكۈل قاراخانىلار دەۋرى مائارىپى ئۇچۇنمۇ ئادايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى «ئىلىمگە ھۆددىگەر زات»، «ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ پىرى» دەپ ئالىي ھۆرمەت، يۇقىرى ئىلمي ئۇنۋان بىلەن ئاتاشقان.

ئالىمنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۆز ئىچىگە ئالغان بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى، ئىلمي ئاساسلىرىنىڭ پىششىقلىقى جەھەتتىن ھەرقانداق ئېنسىكلوپېدىيە (قامۇس، پۈتۈن بىلىملەرنىڭ توپلىمى) لەر بىلەن تەڭ تۇرالايدۇ. بۇ قامۇسنى ئۆگەنگەنسېرى ۋە ئۇنىڭدىكى مول بىلىملەرنىڭ تېگىگە يەتكەنسېرى بۇ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلىدىغان ئۇلۇغ ئالىم، پېداگوگ، تىلشۇناس، ئېتنوگراپ، تارىخچى، جۇغراپىيىچى، شائىر، ماتېماتىك، فولكلورشۇناس (خەلق ئېغىز ئەدەبى-

ياتچىسى)، جەمئىيەتشۇناس، مىللەتشۇناس ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

قاراخانىلار مائارىپىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى مەشھۇر پېداگوگ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مائارىپ پېداگوگىكىغا ئىدىيىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خۇددى چولپاندەك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. بىز تۆۋەندە بىرقانچە مىساللار كۆرسىتىمىز:

كۆپلىگەن پەزىلەت ئىگىلىرى ۋە بىلىمى تاغدەك دانالار ئالەمدىن كەتتى. ئۇلارنىڭ بىباھا سۆز - ھېكمەتلىرى ھېلىمۇ دىلىمىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ.

ئەي ئوغۇل، نەسىھىتىمنى ئاڭلا، قۇلىقىڭدا تۇت. ئەل ئارىسىدا بىلىملىك ۋە پەزىلەتلىك بول، بىلىمىڭنى باشقىلارغا ئۆگەت.

بىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلە، سۆزىگە ئاشىق بول، ئۇلارنىڭ پەزىلىتىنى ئۆگەن. ئەمەلىيىتىڭدىمۇ شۇنداق قىل.

ئىلىم - ھېكمەت ئىزدە، لېكىن مەغرۇرلانما، نادانلار ماختىنار، سىناقلاردا مات بولار.

△ مال - دۇنيا ئىنسانلارغا دۈشمەن، مەرىپەت سۆيگۈچى ھەرگىز مال - دۇنياغا ھېرىسلىق قىلمايدۇ.

△ بەلگە بولسا يولدىن ئازماس، بىلىملىك سۆزدىن ئازماس.

## مەشھۇر مۇددەرىس جامالىدىن قەشقەرى

جامالىدىن قەشقەرى — X ئەسىردە قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەردە ياشىغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، مەشھۇر مۇددەرىس.

ئۇيغۇر كلاسسىك ماائارىپى — ئورخۇن، شامان ۋە مانى ماائارىپى دەۋرى (552 — 844)، ئىدىقۇت ماائارىپى دەۋرى (850 — 1250)، بۇددىزم ماائارىپى دەۋرى (75 — 992) جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، كېيىن قەشقەر مەركەز قىلىنغان قاراخانىلار ئىسلامىيەت ماائارىپى دەۋرى (1211 — 870) گە قەدەم قويىدى. بۇ دەۋردىكى مائارىپ — ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا زور شۆھرەت قازانغانىدى. ھەممە ۋىلايەت، ناھىيىلەردە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر قۇرۇلغان، بولۇپمۇ قەشقەردە مەشھۇر ئالىي بىلىم يۇرتى «مەدرىسەئىي ساجىيە» تەسىس قىلىنغانىدى. بۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ دەرسلىكلىرى — ماتېماتىكا، يۇنان پەلسەپىسى، تىلشۇناسلىق، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، ئىلمىي مەنتىق (لوگىكا)، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ئىلمىي روھ ساھەلىرىگىچە كېڭەيگەن. بۇنداق ئالىي بىلىم يۇرتىغا جامالىدىن قەشقەرىگە ئوخشاش داڭدار ئالىملار، ئاتاقلىق

مۇددەرىسلەرلا دەرس بېرەلەيتتى.

جامالىدىن قەشقەرىنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي، ئىجا-
دىي پائالىيىتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. تولۇقسىز
مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئۇ X ئەسىردە قەشقەردە تۇ-
غۇلغان ۋە ئۆز دەۋرىگە يارىشا ئەتراپلىق بىلىم ئالغان
ھەمدە ھەرقايسى پەنلەردىكى ئىجتىھاتى ئۇنى ئۆز دەۋرى-
نىڭ ھەر تەرەپلىمە يېتىلگەن ئالىمىغا ئايلاندۇرغان. شۇڭا
ئۇ، «مەدرىسەئىي ساجىيە» گە مۇددەرىسلىككە تەكلىپ قى-
لىنىپ، ئۇزۇن يىللار مۇددەرىسلىك قىلغان.

ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى ئارقىلىق «مەدرى-
سەئىي ساجىيە» دە ئوقۇغانلاردىن ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايى-
ساھەلىرى بويىچە مۇتەخەسسىسلەر، ئاتاقلىق ئالىملار، ئەدىب-
لەر، مەشھۇر جەرراھ (ۋىراچ) لار، پەيلاسوپلار يېتىشىپ
چىققان، ھەتتا ئۇلاردىن بىر قىسمى ئۆز ئىلمىي پائالى-
يەتلىرى بويىچە دۇنياغا تونۇلغان.

## ئۇيغۇر كلاسسك ماتارىپىنىڭ پېشۋاسى
## ئىمامىددىن قەشقەرى

ئىمامىددىن قەشقەرى -- (تەخمىنەن XI ئەسىر) ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ماتارىپىنىڭ پېشۋاسى، بۈيۈك ئالىم، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى.

-- ئىمامىددىن قەشقەرىنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى توغرىسىدا تولۇق ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز، تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ XI ئەسىردە قاراخانىلار خانلىقىنىڭ پايتەختى قەشقەردە ياشىغان. قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «مەدرىسەئىي ساجىيە» دە ئوقۇپ، ئىلىم - پەننىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىدە چوڭقۇر بىلىم ھاسىل قىلىش بىلەن بىرگە، تىبابەت ئىلمىدە دۇنياغا مەشھۇر ئالىم بولۇپ يېتىشكەن ھەمدە ئۆزى ئوقۇغان ئالىي بىلىم يۇرتى «مەدرىسەئىي ساجىيە» دە ئۇزاق مۇددەت مۇددەررىسلىك قىلغان.

ئىمامىددىن قەشقەرى بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىگە ئايلاندۇرۇشتىن سىرت يەنە ئەرەب، ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە ھەر-

قايسى جايلاردىن كەلگەن داڭلىق ئالىم، تېۋىپ، تارىخچى-
لارغا لېكسىيە سۆزلىگەن ھەمدە ئۇلار بىلەن ئىلىم - پەن
ساھەسىدە سۆھبەت، تالاش - تارتىش ۋە مۇنازىرىلەر ئېلىپ
بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەندىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ئاي-
دىڭلاشتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن زور ياردەم بەرگەن.

ئىمامىدىن قەشقەرىنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى تۆھپى-
سى ئۇرغۇنلىغان ئالىم، پەيلاسوپ، تېۋىپلارنى يېتىشتۈرۈپ
بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. ئۇنىڭ ئىبنى سىنا،
فارابىلارنىڭ تىبابەت ئىلمىگە دائىر نەزەرىيىۋى تەلىمات-
لىرىدىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىققان «شەرھى ئەلقانۇن»
ناملىق تىبابەت ئىلمىگە دائىر كىتابى ئۇيغۇر تىبابەتچىلى-
كىنىڭ داۋالاش دەستۇرى، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ تىبا-
بەت ئىلمى دەرسلىكىگە ئايلانغان ھەمدە پۈتكۈل شەرق
دۇنياسى، ھەتتا ياۋروپا تىبابەتچىلىكىدىمۇ ئاساسلىق تىبا-
بەتچىلىك قوللانمىسىغا ئايلانغان. ئالىمنىڭ بۇ تىببىي تەلى-
ماتى ئىراق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تىبابەتچىلىكىدە ھازىرغىچە
قوللىنىلماقتا.

«شەرھى ئەلقانۇن» يالغۇز تىببىي قوللانما، تىبابەت
ئىلمى دەرسلىكى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇيغۇر تىبابەت-
چىلىكىنىڭ تارىخىنى بىلىشتىمۇ زور قىممەتكە ئىگە تارى-
خىي دەرسلىك. كىتابتا قەيت قىلىنىشىچە، ئاتا - بوۋىلىرى-
مىز قاراخانىلار دەۋرىدىن بىرقانچە مىڭ يىللار بۇرۇن
ساقلىقنى ساقلاشنىڭ بىر قاتار ئىلمىي ئاساسلىرىنى بى-
لىۋېلىشقان. ئۇلار قارا سۆكەتنىڭ تۈرلۈك ۋابا تارقاتقۇ-
چى مىكروبلارنى سۈمۈرۈۋېلىپ، سىرتقا ساپ ھاۋا چىقى-

رىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، ئۆي - ئىمارەت سېلىشتىن بۇرۇن ئۆي ئەتراپىدا قارا سۆگەت قويۇپ ئاندىن ئۆي سېلىشتەك ياخشى ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن.

ئىمامىدىن قەشقەرىنىڭ ئەبۇبەكرى مۇھەممەت رازىنىڭ «دائىرەتۇلمۇئارىپ تىببىيە»، «كىتابۇش شاھىد»، «كىتابۇل ھاۋى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى، ئىبن سىنانىڭ «ھېكمەتۇلئەلا»، فارابىنىڭ «ئىھسائۇل ئۇلۇم» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى شەرق ئەللىرى خەلقىگە ۋە ماتارىپىغا تونۇشتۇرغان ئەمگىكىمۇ ئالاھىدە ئەۋدىلىك بولۇپ، مەڭگۈ ئۇنتۇلماستۇر.

## مەشھۇر ئوقۇتقۇچى رەشىد ئىبىن ئەلى قەشقەرى

رەشىد ئىبىن ئەلى قەشقەرى — (؟ — 1083) قاراخانلار دەۋرىدىكى مەشھۇر ئوقۇتقۇچى، مۇتەپەككۇر ۋە تىببىي ئالىم.

رەشىد ئىبىن ئەلى قەشقەرىنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي، ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە تولۇق ماتېرىيال يوق. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، رەشىد ئىبىن ئەلى قەشقەرى تولۇق ئىسمى مۇھەممەت بىننى رەشىد ئىبىن ئەلى قەشقەرى — X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانلارنىڭ پايتەختى قەشقەردە تۇغۇلغان. كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا قەشقەرىدىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ۋە ئالىي بىلىم يۇرتىدا ھەرخىل پەنلەرنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. تىبابەتچىلىك، ماتېماتىكا، پەلسەپە، تىل - ئەدەبىيات، لوگىكا، ئاسترونومىيە، تارىخ، جۇغراپىيە جەھەتتىكى ئىستېداتى بىلەن زامانىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئالىملىرىغا ئايلانغان ھەمدە «ئەللامە» (ھەممىنى بىلگۈچى) دېگەن ئالىي ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. رەشىد ئىبىن ئەلى قەشقەرى ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئىلمىي قىممىتى بىلەن داڭلىق

ئالىي بىلىم يۇرتى «مەدرىسەئىي ساجىيە» گە مۇددەرىسلىككە تەكلىپ قىلىنغان.

رەشىد ئىبىن ئەلى قەشقەرى بۇ ئونئۇچ يىل ئالىي بىلىم يۇرتىدا خېلى ئۇزۇن مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ھەرقايسى پەنلەر بويىچە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. قاراخانىلار دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم ۋە تىبابەتچى مۇھەممەت ئىبىن ئەبۇزىكرىيا ئەنە شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ رەشىد ئىبىن ئەلى قەشقەرىنىڭ تەربىيىسى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى ۋە تىبابەتچىسىگە ئايلانغان.

رەشىد ئىبىن ئەلى قەشقەرى مۇددەرىسلىك قىلىش بىلەن بىرگە يەنە تىبابەتچىلىك ئىلمىي تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق قاراخانىلار دەۋرى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى زور تەرەققىياتلارغا ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بەدىيان ھارىقى بىلەن، جىنسىي زەئىپلىكىنى مېھرىگىياھ بىلەن، كۆز خىرەلىشىشىنى ئارپىبەدىيان، ۋەسبەدىيان، قارا كۆكات ئۇرۇقلىرى بىلەن داۋالاپ ساقايتىش تەجرىبىسى كۈچلۈك ئىلمىي ئاساس ۋە ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە بولۇپ، شىپالىق ئۈنۈمى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان. بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلى مىڭ يىللاردىن بۇيان خەلقنى جىسمانىي ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئۈنۈمنى يوقاتماي تىبابەتچىلىك ساھەسىدە كەڭرى قوللىنىلماقتا.

رەشىد ئىبىن ئەلى قەشقەرى 1083 - يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان.

## داڭلىق ئالىم، مەشھۇر پېداگوگ تاتاتۇڭا

تاتاتۇڭا (XII ئەسىر) — چىڭگىزخان ۋە چاغاتاي دەۋرىدە ئۆتكەن بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى، مەشھۇر پېداگوگ، تالانتلىق مەمۇرىيەت باشقۇرغۇچى.

تاتاتۇڭانىڭ ھاياتى، تۇغۇلغان جايى ۋە باشقا پائالىيەتلىرى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات يوق. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇ، ئەتراپلىق بىلىم ئالغان ۋە بىرقانچە خىل تىلنى بىلىدىغان، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئالىم، مائارىپشۇناسلارنىڭ مول بىلىمى، ئىجتىمائىي تەسىرىنى ياخشى قوبۇل قىلغان. تاتاتۇڭا ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىلىمى ۋە ئارتۇقچىلىقى بىلەن دەسلەپ نايمان ئېلىنىڭ تايانخان (كۈنخان) ئوردىسىدا باش ئىلمىي مەسلىھەتچى ۋە ئوقۇتقۇچى بولغان. كېيىن چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغان چاغدا، چىڭگىزخان بۇ ئالىمنى ئۆز ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ ئوردا ئوقۇتقۇچىسى قىلغان. چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇل - قىزلىرى ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان. چاغاتاينىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئالىمدا ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان.

تاتاتۇڭا چىڭگىزخان ئوردىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە كىدان ۋە موڭغۇللارغا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرخۇن ئېلىپبەسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن كىدان، موڭغۇل ئېلىپبەسىنى ۋە گرامماتىكا قائىدىسىنى، يەنى

تۈنجى كىدان ۋە موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ بەرگەن. بۇ يېزىق كېيىنچە جۇرجانلار ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا يېزىقىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالغان.

ئادالەتپەرۋەر ئوقۇتقۇچى تاتاتۇڭا چىڭگىزخان ئوردىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەزگىللەردە، ئۆز ئىدىيىسىنىڭ چىڭگىزخانغا ماقۇل كېلىش - كەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر تولىراق ئادالەتلىك بولۇش، ئەپۇچان بولۇش توغرىسىدا چىڭگىزخان، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي كۆز-قارىشى ۋە تەلىم - تەربىيە ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشقان. ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ بۇ جەھەتتىكى تەربىيىنى بېرىپ تۇرغان. بۇخىل تەلىم - تەربىيە شۇ زاماندا يۈز بېرىۋاتقان قالايمىقان قىرغىنچىلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە تولىمۇ مۇھىم ئىدى.

تاتاتۇڭا تەربىيىسى بىلەن سىڭگەن چاغاتاي ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلار رايونىنى ئىدارە قىلىشنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن بىر قاتار كەڭرى سىياسەتنى (بولۇپمۇ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش يۈرگۈزۈشنى) ئىجرا قىلدى. ئۇنىڭ بىپايان ئىمپېرىيىسىدە ئۇيغۇر تىلى بىردىنبىر ھۆكۈمەت تىلى ۋە ئالاقە تىلى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. بارلىق مەمۇرىي ئىشلار ئەنە شۇ تىل بىلەن يۈرگۈزۈلدى.

چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتىدىن راۋاجلىنىشىدا مەشھۇر مائارىپچى، جامائەت ئەربابى، مەمۇرىيەت باشقۇرغۇچى تاتاتۇڭانىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرى ناھايىتى زور. ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىمۇ مەڭگۈ پارلاق نۇر چاچىدۇ.

## چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىـ
## پىنىڭ ئاساسچىسى مەخسۇتبەگ

مەخسۇتبەگ — (XⅢ — XⅡ ئەسىرلەر) چاغاتاي
دەۋرى ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپىنىڭ قايتىدىن گۈللەپ
ياشنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان
تالانتلىق مائارىپچى، يېزا ئىگىلىك ئالىمى ۋە دۆلەت
ئەربابى.

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپلا ئىلىم - پەن،
مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا ئادەتلەنگەن، مەدەنىيەتـ
مائارىپنى قىزغىن سۆيىدىغان خەلق. چاغاتاي دەۋرىدە
ئۇيغۇرلار ئىچىدىن كۆپلىگەن غەيرەتلىك ئالىملار، مۇتەـ
پەككۇرلار، مائارىپپەرۋەر زاتلار ئوتتۇرىغا چىقىپ كىدانـ
لار ۋەيرانچىلىقى ۋە چىڭگىز ئىستىلاسى دەۋرىدە ۋەيران
بولغان مائارىپ - مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى ئەسلىگە كەلـ
تۈرۈش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۆزىنىڭ
شەخسىي مەبلىغى ھېسابىغا يېڭى مەدرىس - مەكتەپلەر،
كۇتۇپخانا بىنالىرىنى ياساتقان. بۇ مەدرىس - مەكتەپلەردە
ئىسلام تەلىماتىدىن باشقا پەلسەپە، تىبابەت ئىلمى، ھېساب،
ئالگېبرا (جەبىر)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، تىل - ئەدەـ
بىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، لوگىكا قاتارلىق پەننى بىلىمـ

لەرنى تەسىس قىلىپ ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئالىم، مۇتەپەككۇرلارنى مۇددەرىسلىككە تەكلىپ قىلىپ مائارىپ، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن قەشقەر، خوتەن، كۇچا، ئىلى، ھىرات قاتارلىق جايلارنىڭ قاراخانىلار ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە ئوخشاشلا مەدەنىيەت، مائارىپ مەركەزلىرىگە ئايلىنىشىنى كۈچلۈك ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەن. يۇقىرىقى پىكىرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بىز مەخسۇتبەگ ۋە ئۇ تەسىس قىلغان «مەخسۇدىيە» مەدرىسىنى تىلغا ئالىمىز.

مەخسۇتبەگنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات يوق. چاغاتاي دەۋرى تارىخىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئالىي مەرتىۋىلىك، چوڭقۇر پىكىرلىك، يىراقنى كۆرەر كىشى ۋە يېزا ئىگىلىكىگە دائىر نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەنگەن، خەلقنى مەرىپەت يولىغا باشلاشنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر مۇددىئاسى قىلغان تالانتلىق مائارىپچى بولۇپ، چاغاتاي دەۋرىدە ئۇيغۇر رايونىنىڭ باش ۋالىيسى بولغان.

ئۇ مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، داڭلىق پېداگوگ سەككاكىنىڭ پېداگوگىكىلىق ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تولۇق تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق مىلادى 1260 - يىلى كىدانلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەن قەشقەردىكى مەشھۇر ئالىي بىلىم يۇرتى «مەدرىسەئى ساجىيە» نىڭ خارابىسى ئورنىغا «مەخسۇدىيە» ئاملىق ئالىي بىلىم يۇرتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا «سائادەت» ناملىق داڭلىق كۇتۇپخانىنى تەسىس قىلغان ھەمدە بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرگەن. مىلادى 1254 - يىلدىن 1289 - يىلىغىچە

بولغان 35 يىل جەريانىدا، ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئۆزى بىۋاستىتە رىياسەتچىلىك قىلغان. جامال قارشىغا ئوخشاش مەشھۇر ئالىم، مۇدەررىسلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا قويغان.

«مەخسۇدىيە» ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇيدىغانلار كەشمىر، لاھور، خوراسان، بالاساغۇن، قىپچاق دالىلىرى، ئىلى ۋادىسى، تارىم بويلىرى قاتارلىق جايلاردىن كەلگەنلەر بولۇپ، مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇغان. «مەخسۇدىيە» ئالىي بىلىم يۇرتىدا بۈتىرىش ئىمتىھان تۈزۈمى ۋە ئۇنۋان تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگىچىلىك ئىلمىي ئەسەر يازغانلاردىن بىرىنچى دەرىجىلىكلەرگە «ئەللامە» ھەممىنى بىلگۈچى؛ ئىككىنچى دەرىجىلىكلەرگە مۇدەررىس ياكى مەۋلىۋى، داموللا؛ ئۈچىنچى دەرىجىلىكلەرگە موللا ياكى خەلپەت ئۇنۋانى بېرىلگەن.

بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئالىم، مۇتەپەككۇر، شائىر، تىبابەتچى ۋە دۆلەت خادىملىرى بولۇپ يېتىشكەن. بۇلاردىن پۈتۈن ئۆمرىنى خوراساندا ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن سەئىدىيە قەشقەرىنى، ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى لۇتفىنى مىسال ئېلىش كۇپايە.

مەخسۇتبەگ ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ باش ۋالىيسى بولغان مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مائارىپى قايتىدىن گۈللەپ ياشناپ قەشقەر، ئالمىلىق (ئىلى)، بۇخاراغا ئوخشاشلا ئىلىم - پەن مەركەزلىرىگە ئايلانغان. قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە «سانى بۇخارا» (2 - بۇخارا) دېگەن ئىلمىي شۆھرەتكە ئىگە بولغان.

# مەشھۇر ئالىم، داڭلىق پېداگوگ
# يۇسۇپ سەككاكى

سىراجىددىن ئەبۇ ياقۇپ يۇسۇپ ئىبىن ئەبۇ بەكرى ئەل خارەزمى سەككاكى — (1160 — 1228) مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، داڭلىق پېداگوگ ۋە يازغۇچى.

سەككاكىنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. بۇنىڭدىن بىر ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن خوتەنلىك تارىخچى ئىسمەتۇللا ئىبنى نىمەتۇللانىڭ «تارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى) ناملىق ئەسىرى بىلەن يەقىنىنىڭ «ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى» ناملىق ئەسىرىدىن بىز ئۇنىڭ قىسمەن پائالىيىتىدىن خەۋەردار بولالايمىز.

سەككاكى ئىسمىنىڭ بېشىغا قويۇلغان خارەزمى دېگەن جاي ئىسمىغا، شۇنداقلا ھازىرقى چاپچال ناھىيىسىنىڭ خۇنخەي دېگەن يېرىگە جايلاشقان مازارنىڭ سەككاكى نامى بىلەن ئاتىلىدىغانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ خارەزمدا تۇغۇلغانلىقى ۋە ئالىملىق (ئىلى) تا ۋاپات بولغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

سەككاكى ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا ئىلىم - پەنگە ئىشتىياق باغلاپ تىرىشىپ ئۆگەنگەن. دىنىي ئىلىم، تىل -

ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، تىبابەت ئىلمى قاتارلىق پەنلەردە كامالەتكە يەتكەن. ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق ئۆگىنىپلا قالماي، ئەرەب، پارس تىلىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەن. مۇزىكا ساھەسىدىمۇ ئۆز ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ «باياۋات» مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ «9 - ئۇستاز» دەپ شۆھرەت قازانغان.

چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلاردا دۆلەتنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىنى بېجىرىشكە ئۇيغۇر سىياسەتچىلىرى، ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرى ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ ئەربابلىرىنى قويىدۇ. چاغاتاي خانغا باش مەسلىھەتچى بولغان مەشھۇر دىپلومات ۋە سىياسەتچى قۇتبىدىن، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ باش ۋالىيسى بولغان تالانتلىق مائارىپچى، يېزا ئىگىلىك ئالىمى مەسئۇتبېك، چاغاتاينىڭ باش دوختۇرى مىجىتلەرگە ئوخشاش يۈسۈپ سەككاكىمۇ چاغاتاينىڭ ئىلمىي مەسلىھەتچىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىجتىھات كۆرسىتىشى ئارقىسىدا چاغاتاينىڭ ئوردىسى جايلاشقان ئالمىلىق (ئىلى) تا ھەر خىل مەكتەپلەر ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرى تەسىس قىلىنىپ، مائارىپ ئىشلىرى زور تەرەققىي قىلىدۇ. قەشقەر، بۇخاراغا ئوخشاشلا ئالمىلىقمۇ ئاسىيا بويىچە ئىلىم - پەن مەركەزلىرىگە ئايلىنىدۇ.

سەككاكى ئوردا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە بىر تەرەپتىن مەشھۇر ئالىملار، داڭلىق ئوقۇتقۇچى-

لارنى ئالىملىققا توپلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپ ئىچىشقا پائال يېتەكچىلىك قىلدۇ. ئوقۇتقۇچىنى، دەرسلىك مەسىلىسىدە بىر تەرەپتىن ئالىملار ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا تايانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى دەرس ئۆتىدۇ ۋە دەرسلىك تۈزىدۇ. ئۇنىڭ «مۇفتاھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق يىرىك ئەمگىكى ئەنە شۇ خىلدىكى دەرسلىك بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە دەرسلىك قىلىنغان. بۇ كىتاب ئۆز ئىچىگە تىل - ئەدەبىيات، لوگىكا، پاساھەت (ئەستېتىكا)، پەلسەپە، ئىلمى نۇجۇم (ئاسترومىيە)، ماتېماتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، تىبابەت ئىلمى، مۇزىكا ئىلمى قاتارلىق 13 تۈرلۈك ئىلىمنى ئالغان بولۇپ، ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ كەڭ ھەم چوڭقۇرلۇقى، قايىل قىلىش كۈچىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدا كەم تېپىلىدىغان ئەھمىيەتلىك مەدەنىي مىراس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چاغاتاي دەۋرىدىكى مەرىپەت يۇلتۇزى، ھەققانىيەتچى، خەلق بىلەن تەقدىرداش ئالىم يۇسۇپ سەككاكى گەرچە ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋى ئازادلىقى يولىدا تەر ئاققۇزغان، خانىدا دۆلەت باشقۇرۇش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش يولىدا ياخشى مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ، ئوردىدىكى مەرىپەت دۈشمەنلىرى بولغان ھەسەتخور مەنسەپدارلارنىڭ چېقىمچىلىقى بىلەن چاغاتاي تەرىپىدىن زىندانغا تاشلىنىپ، ئۈچ يىل زىنداندا يېتىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ مەشھۇر ئالىم، دانىشمەن پىداگوگنىڭ مازىرى ھازىرقى ئىلى ئوبلاستىنىڭ چاچال ناھىيىسىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان.

## چاغاتاي دەۋرى كەسپىي ماتارىپىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى مىجىت

مىجىت — XIII — XII ئەسىرلەردە ئۆتكەن چاغاتاي دەۋرى كەسپىي ماتارىپىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، ئاتاقلىق دوختۇر.

مىجىتنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي پائالىيىتى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات يوق. پەقەت ئۇنىڭ چاغاتاينىڭ باش دوختۇرى بولغانلىقى ھەمدە ئالىملىق (ئىلمى) تا سۈنئۇق كېسەللىكلىرىنى داۋالاش مەكتىپىنى ئاچقانلىقى ھەققىدىلا مەلۇمات بار.

چىڭگىزخان ئىستىلاسى نەتىجىسىدە چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي (1179 — 1242) ئالمىلىق (قورغاس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، قورغاسقا تەخمىنەن 15 كىلومېتر كېلىدۇ) نى پايتەخت قىلغان ھالدا شەرقتە قۇمۇلدىن، غەربتە ئامۇ دەرياسىغىچە، شىمالدا قورغاستىن، جەنۇبتا دېھلىنىڭ شىمالىغىچە (پاكىستاندىكى مولتان، لاھور، ئافغانىستاندىكى بەلىخ، ھىرات ۋە ھىندىستاندىكى بىرقانچە شەھەرلەر) بولغان جايلارنى ئىدارە قىلىپ ئۆز خانلىقىغا «چاغاتاي ئۇلۇسى» دەپ نام قويىدى.

فېئودالىزمنىڭ ئەڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرغان موڭغۇللار بۇ دەۋردە كۈچ - قۇدرەت جەھەتتە ھەرقانچە ئۈستۈن بولغىنى بىلەن، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش، مەدەنىي ھاياتنى جانلاندۇرۇش، دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈشلەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتتە كۆپ ئىقتىدارسىز ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ جەھەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈنرەك بولغان بىرەر مىللەتنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى. تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتقان چاغاتايخان ئۆزى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ساھەلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى. ھەتتا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆزىنىڭ دۆلەت يېزىقى سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى. ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۇيغۇر ئوقۇت-قۇچىلىرى ۋە ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق ئوقۇتتى. بۇنىڭ بىلەن چاغاتاي خانلىقى مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىدا زور يۈكسەلدى. بۇ كەڭچىلىك سىياسەت نەتىجىسىدە چىڭگىزخان زامانىسىدا پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ يوقىلىش ھالىتىگە كېلىپ قالغان ئۇيغۇر مائارىپىمۇ بۇرۇنقى ئورنىنى تولدۇرالمىسىمۇ، ھەر ھالدا چېكىنىشتىن ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلدى.

مىجىت يۇقىرىقى ئېھتىياج تۈپەيلى چاغاتايخان ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىنغان ۋە چاغاتاينىڭ باش دوختۇرى بولغان.

مىجىت ئۆز دەۋرىدە ئەترەپلىق بىلىم ئالغان، تىبا-بەتچىلىك ئىلمىدە زور شۆھرەت قازانغان مەشھۇر دوختۇر

بولۇپلا قالماي، تالانتلىق ئۇيغۇر كەسپىي مائارىپچى ئىدى. ئۇ ئالمىلىقتا سۇنۇق كېسەللىكنى داۋالاش مەكتىپىنى ئېچىپ، داۋالاش ئىلمى، دورا - دەرمان ياساش ئۇسۇلى، شىپالىق دورىلارنى يىغىش، ئوپېراتسىيە قىلىش قاتارلىق كەسىپ ۋە مەزمۇنلاردا دەرس ئۆتۈپ ئۆز دەۋرى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ۋىراچلارنى، دوختۇرلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن، چاغاتاي دەۋرىدىكى كەسپىي مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن.

مىجىت ئاچقان بۇ مەكتەپكە چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىدىن دىگۈدەك ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇغان ۋە ئۇلار ۋىراچ، دوختۇر دەرىجىسىگە يېتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋادىلىرىدا ھەتتاكى ئوتتۇرا تۈزلەڭ-لىك (ئىچكى ئۆلكىلەر) تە ۋىراچلىق ۋە تېگىقچىلىق قىلغان.

## يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئوقۇتقۇچى، تارىخشۇناس سارابان

سارابان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى، تارىخشۇناس ۋە داڭلىق خەتتات.

سارابانىنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي پائالىيىتى توغرىسىدا تولۇق مەلۇمات يوق. خەنزۇچە تارىخي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ تەخمىنەن XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئەدىب ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئەلى تۆمۈر يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ئۇزۇن يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان يۇقىرى مەلۇماتلىق، ئابرويلۇق كىشى بولۇپ، ئوغلى سارابانىنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئەقىللىق، زېرەك قىلىپ تەربىيىلىگەن. سارابان كىچىك ۋاقتىدا ئوردىدىكى مەكتەپتە ۋە ئالىي بىلىم يۇرتى گوزىجىيەندە ئوقۇپ ھەر خىل پەنلەرنى پۇختا ئۆگىنىشتىن سىرت موڭغۇل ۋە خەنزۇ تىل - يېزىقلىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن. تارىخي كىتابلارنى كۆپ ئوقۇپ تارىخ بىلىمىنى ئاشۇرغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، دەۋرىنىڭ يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىسىگە ئايلانغان. قۇرامىغا

يەتكەندە يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنىپ خېلى بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئوقۇتقۇچىلىق مەزگىلىدە ھەرخىل پەنلەر ۋە تىللاردا دەرس ئۆتۈپ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، خەنزۇ زىيالىيلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان دۆلەت ئەربابلىرى، ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنى يېتىشتۈرگەن. بۇ ۋاقىتلاردا ئۇ ھۆسن خەت ساھەسىدىمۇ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئوردا ئىچى - سىرتىدا داڭ چىقارغان. داۋاملىق تۈردە دادۇ (بۈگۈنكى بېيجىڭ) ئەتراپلىرىدىكى ئىبادەتخانا، مەدرىس ۋە باشقا ئاممىۋى سورۇنلارغا ھۆسن خەت يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىپ تۇرغان.

سارابانىڭ ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەزگىللەردىكى تالانتى، ئەقىل - پاراسىتى ۋە شۆھرىتى يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپلا قالماي، بەلكى پادىشاھنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈشدىكى قورالىغا ئايلانغان. شۇڭا، پادىشاھ دۆلەتنىڭ كېيىنكى ھاكىمىيەت باشقۇرغۇچىسىغا ئەقىل ئۆگىتىش مەقسىتىدە سارابانىنى كەلگۈسى تەخت ۋارىسى توغات تۆمۈر (خەنزۇچە ئىسمى يۈەن شۈندى) نىڭ ئۇستازى قىلىپ تەيىنلىگەن. سارابان دۆلەت ئۇستازى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە توغات تۆمۈرگە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھەققىدە مەخسۇس تەلىم بەرگەن. زىيالىيلارنى ئىشقا قويۇش، ئالىي بىلىم يۇرتى گوزىجيەننى كېڭەيتىپ، ياش زىيالىيلارنى كۆپرەك تەربىيىلەش قاتارلىق مەسىلىلەردە بىر يۈرۈش تەكلىپلەرنى بەرگەن. مىلادى 1333 - يىلى توغات تۆمۈر

تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن ئۇستازى سارابانىنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ ئوردىدىكى ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بارلىق قەلەمكەشلەرنىڭ ئۇستازى قىلغان.

1343 - يىلى توغان تۆمۈر سارابانغا «جىننامە» نى يېزىپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلغان. ساراباب شاگىرتلىرى بىلەن ماتېرىيال توپلاش ئارقىلىق بىر يېرىم يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ 135 جىلدلىق «جىننامە» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ پۈتتۈرگەن.

بىر ئۇيغۇر زىيالىيسىنىڭ بۇگۈلكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلىپ، جىن سۇلالىسىنىڭ بىردىنبىر مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق رەسمىي تارىخى ھېسابلىنىۋاتقان بۇنداق زور ھەجىملىك كىتابىنى يېزىپ چىقىشى ئەينى ۋاقىتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى زور ئىش ئىدى. سارابانىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئالاھىدە ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ دىۋان مۇئەككىلى، ئوردا باش تەپتىش بېگى ۋە ئوردا مەسلىھەتچىسى قاتارلىق مەنسەپلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشىمۇ ئۇنىڭ بىلىملىك ۋە ئالانتلىق دۆلەت ئەربابى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى تۆمۈر تۈبرۈك (لومېڭشەن)

تۆمۈر تۈبرۈك — XIII ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى.

تۆمۈر تۈبرۈكنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات يوق. «جوڭگونىڭ ئاتاقلىق ئەربابلىرى» ناملىق كىتابتا: «لومېڭشەن — ئۇيغۇر، ئەسلى ئىسمى تېبجۇ① دېيىلگەن.» ھەمدە ئۇنىڭ «دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ھەققىدە قىسقىچە بايان» دېگەن 208 ماددىلىق زور ھەجىملىك كىتابنى يازغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئالىمنىڭ ئەسلى ئىسمى تۆمۈر تۈبرۈك بولۇپ، لومېڭشەن ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. «قىسقىچە بايان» دا تونۇشتۇرۇلغان مەلۇمات ۋە تېخنىكىۋى بىلىملەردىن بىز تۆمۈر تۈبرۈكنىڭ XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ بىرىدە تۇغۇلۇپ، ھەر

① تېبجۇ خەنزۇچە سۆز بولۇپ، تېي — تۆمۈر، جۇ — تۈبرۈك، تېبجۇ — تۆمۈر تۈبرۈك دېگەن مەنىگە ئىگە.

تەرەپلىمە بىلىم ئېلىپ ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىي ئىش-
لەپچىقىرىش قانۇنىيەتلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ بەل-
گىلىك تەجرىبە ھاسىل قىلغان، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى
زىچ بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ئىلمى جەھەتتە
ئۆز دەۋرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىمىغا ئايلانغانلىقىنى
كۆرۈۋالالايمىز.

قۇبلەيخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇللار تەرىپىدىن قۇر-
رۇلغان جۇڭگونىڭ يۈەن سۇلالىسى چاغاتاي خانلىقىغا
ئوخشاش كۆپلىگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى دۆلەت ئاپپاراتىدا
مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويغان، ئۇيغۇرلارمۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ
گۈللىنىشىدە غايەت زور رول ئوينىغان. تارىخىي ماتېرى-
ياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، تۆمۈر تۇبرۇكمۇ قۇبلەيخاننىڭ
ئوردىسىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، XIII ئەسىرنىڭ
ئالدىنقى يېرىمىدا موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە خەنزۇ
رايونلىرىغا بارغان، ئۇ ئاۋۋال جىڭجۇ ۋىلايىتى (ھازىرقى
خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ جىڭشەن ناھىيىسى) ۋە ئەنپىڭلۇ
ۋىلايىتى (ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ شۇشيەن ناھىيىسى)
دە ئامبال بولغان. كېيىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ خان ھۇ-
زۇرىدىكى ئەدلىيە ۋازارىتى مەھكىمىسىگە ئۆستۈرۈلۈپ قانۇن
ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

مۇشۇ مەزگىللەردە تۆمۈر تۇبرۇك موڭغۇللارنىڭ
جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشقا
چۈشكەن ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇزۇن يىل توپلىغان
مول بىلىمگە ۋە تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئاشلىق، مېۋە، سەي،
ياغلىق دان، يېشىل ئوغۇت، دورا ماتېرىياللىرى، چارۋى-

چىلىق، ھاۋا كىلىماتى، يەر ئاغدۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىق-لاردىن تارتىپ، ھەسەل ھەرىسى بېقىش، پىلىچىلىك، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش تېخنىكىسىغىچە بولغان ناھايىتى باي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ھەققىدە قىسقىچە بايان» ناملىق يېزا ئىگىلىكىگە دائىر بۇ دەرسلىك كىتابنى يېزىپ چىققان.

بۇ كىتاب مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، ئىلمىي قىممىتىنىڭ زورلۇقى بىلەن ئەينى زاماندىكى قالاق يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىلا ئەمەس، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى يولغا قويۇش، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق ۋە چارۋا كۆپەيتىش جەھەتلىرىدە ئىجابىي تەسىر كۆرسەت-كەنلىكى ئۈچۈن، 1314 - يىلى نەشر قىلىنىپ كەڭ جاما-ئەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. تۆمۈر تۆب-رۇكمۇ بۇ ئىلمىي ئەمگىكى بىلەن داڭ چىقىرىپ، خان ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىنىپ يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا يېزا ئىگىلىك ۋە قانۇن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويۇلغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە «قىسقىچە بايان» يېزا ئىگىلىكىنىڭ دەستۇرى دەپ قارىلىپ كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغان ھەمدە ئەينى ۋاقىتلاردىن تارتىپ تاكى يېقىنقى يىللارغىچە ئىلىمىزدىكى خەنزۇ مەكتەپلىرىدە ئوقۇلىدىغان مۇھىم دەرسلىك كىتاب بولۇپ كەلگەن. بۇ كىتاب ئازاد-لىقتىن كېيىنمۇ يەنە قايتىدىن نەشر قىلىنغان.

«قىسقىچە بايان» نىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى،

ئۇ خەلزۇلار رايونىغا ماس يېزا ئىگىلىك تەلىماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زاماندىكى پاختا ۋە باغۋەنچىلىك جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنىمۇ ئالاھىدە تونۇشتۇرغان. شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگۈزۈلگەن بىدە، زىغىر، ئانار، ياڭاق، يۇمغاقسۈت، پىياز، سەۋزە، زاراڭزا قاتارلىق ئېسىل مېۋىلەر ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئۆستۈرۈش - پەرۋىش قىلىش جەھەتلەردە مول مەلۇمات بېرىلگەن. مۇسەللەس ياساش، سېرىق ماي چىقىرىش، قېتىق ئۇيۇتۇش، قۇرۇت ياساش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنىمۇ تونۇشتۇرغان. بۇ مەلۇمات ۋە تەجرىبىلەر ئەينى ۋاقىتتا ئىچكى ئۆلكىلەر ئۈچۈن يېڭىلىق ئىدى. «قىسقىچە بايان» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مېۋىلەرنى ئۇلاش ئۇسۇلى، ئىسسىق ئۆي ۋە كۈنگەي جايدا كۆچەت يېتىشتۈرۈش، ئۇرۇق تۈرلىرىنى كۆپەيتىش؛ چارۋا ماللاردىكى قوتۇر ھەم قېچىشقاقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، تىبابەتچىلىك دورا ماتېرىياللىرىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش ۋە زىرائەتكە چۈشىدىغان زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرمۇ ئىنتايىن ئەمەلىي ھەم ئىلمىي مەسىلىلەر بولۇپ، شۇ دەۋر يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن زۆرۈر مەسىلىلەر ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكى ھازىرمۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك.

## داڭلىق ئوقۇتقۇچى، دوختۇر يەھيا

يەھيا — (XIV — XIII ئەسىرلەر) ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىشى، يۈەن سۇلالىسى كەسپىي مائارىپىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان داڭلىق ئوقۇتقۇچى، مەشھۇر دوختۇر.

زورلۇق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىمپېراتورلۇقنى زورلۇق بىلەنلا ئىدارە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەنگەن موڭغۇللار (بولۇپمۇ چاغاتاي، قۇبلەيخان ۋە ئۇلار ۋەكىللىكىدىكى موڭغۇللار) ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن دۆلەت باشقۇرۇش نىزامى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تۈرك (ئۇيغۇر) خەلقىنىڭ قانۇن - نىزاملىرى، مەدەنىيىتى ۋە مائارىپ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش، كېڭەيتىپ قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى جىددىي ھېس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان تالانتلىق ئوقۇتقۇچىلار، ئالىملار، زىيالىيلار، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ۋە يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا مۇھىم خىزمەتلەرگە قويىدى. بۇ ھەقتە پروفېسسور مالوۋ مۇنداق دېگەن: «موڭغۇللار ئارىسىغا مەدەنىيەت

تارقاتقان، ئۇلارغا ئۇستاز بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ئوردىسىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلەر ئۇيغۇرلار ئىدى...» ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن موڭغۇل ھاكىمىيىتى بەرپا قىلىنغانلىقى رايونلاردا يەرلىكلەردىن، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلىنىپ موڭغۇللار تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ۋە دۆلەتنىڭ باشقا ئىشلىرى يۈكسىلىشكە باشلىغان.

خانبالىق (بېيجىڭ) نى پايتەخت قىلغان ھالدا يۈەن سۇلالىسى (1279 — 1368) نى قۇرۇپ پۈتۈن جۇڭگونى ئىدارە قىلغان چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى قۇبلەيخان تېخىمۇ شۇنداق قىلغان. ئۇنىڭ ۋەزىرى ھەسەن ئەييار، چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاش ۋەزىرى ۋە دېڭىزچىلىق ئالىمى يەكمىش، ئىلمى مەسلىھەت ۋەزىرى چولپان سالى، بۇددا ئىشلىرى ۋەزىرى ساقى، ئېرىك، لاتىن... قاتارلىق كۆپ تىللارنى بىلىدىغان ئالىم ۋە خرىستىيان دىنى ۋەزىرى رەببانى، جەنۇبىي جۇڭگو ۋەزىرى ئۆمەر، باش ئادۋوكات ۋەزىرى بورول ئەييار، ھەربىي سەركەردە چاغان تۆمۈر، كۆك تۆمۈرلەر؛ ئاسترونومىيە ئالىمى جامالىددىن، ئاتاقلىق ئەدىب يۇنۇس ھەييام، يېزا ئىگىلىك ئالىمى. كىنەسپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ پېشۋاسى تۆمۈر تۇبرۇك (لومبكشەن)، تارىخچى سارابان، يالسارى، مەشھۇر كومپوزىتور مۇھەممەت چولپان، كۆپ تىللارنى پىششىق بىلىدىغان تىلشۇناس، تەرجىمان ئەلسارى، داڭلىق ئوق تىقۇچى ۋە دوختۇر يەھيا... قاتارلىق ئۇيغۇرلار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

يەھيانىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي، ئىجادىي پائالىيىتى

ھەققىدە تولۇق ماتېرىيال يوق. تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يەھيا كىچىكىدىن تارتىپلا ھەر خىل ئىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن، خۇسۇسەن تىبابەت ئىلمىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. كۆپ ئىزدىنىش ۋە ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ھېكىملارنىڭ ئىلغار تەجرىبىسىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق تىبابەتچىلىكتە ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق كىشىسىگە ئايلانغان. شۇڭا، قوبلەيخان ئۇنى ئۆزىنىڭ باش دوختۇرلۇقىغا تەكلىپ قىلغان ۋە ئۆزى بىلەن دائىم بىرگە ئېلىپ يۈرۈپ، پايتەختنى خانبالىق (بېيجىڭ) قا يۆتكىگەندە ئۇنىمۇ شۇ يەرگە ئەكەتكەن.

يەھيا خانبالىقتا تۇرۇش جەريانىدا يالغۇز ئوردا دوختۇرلۇقى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، يەنە مال دوختۇرلۇق كەسپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىبابىي مەكتەپ ئېچىپ ئۇيغۇر كەسپىي - تېخنىكا مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە يۈەن سۇلالىسى كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ يۈكسىلىشىگىمۇ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ ئاچقان بۇ مەكتەپكە خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن ئۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇغان. مەكتەپتە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى، ھەر خىل كېسەللەر ئوپېراتسىيىسى، مال دوختۇرلۇق، جىددىي كېسەللەرنى داۋالاش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەرخىل دورىلارنى ياساش قاتارلىق پەنلەر ۋە تېخنىكىلار ئۆگىتىلگەن. «جۇڭبىڭلۇ» ناملىق تىبابىي ئەسەردە يەنە يەھيانىڭ ئىچىتقۇ دورىسىنى كەشىپ قىلىپ سىچۇەن ئۆلكىسىدە پەيدا بولغان قورقۇنچلۇق ۋابا كېسىلىنى ساقايتقانلىقى تەزكىرە قىلىنغان. شۇ كىتابنىڭ 22 - تومىدا يەنە مۇنداق تەسۋىرىي پاكىتلار يېزىلغان:

زېن زېنجاۋ دېگەن كىشى ئېيتىدۇ: «ئۆيگە قاي-
تىۋاتسام قوشنامنىڭ ئوغلىنىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىپ،
ئاللە- پەرياد قىلىۋېتىپتۇ. بىر ئۇيغۇر تېۋىپ كېلىپ،
يېڭىدىكى ئۇستىرا بىلەن بالىنىڭ پېشانىسىنى يېرىپ،
بىر كىچىك قۇرتنى ئېلىۋەتتى. ھېلىقى قۇرت قاتتىق،
تاشتەك ئىدى. قۇرت بىرئاز ھەرىكەت قىلىپ، ئۇزۇن
ئۆتمەي ئۆلۈپ قالدى. بالىمۇ دەرھال ساقايدى».

يۇقىرىقى پاكىتلىق مىسالدىن قىياس قىلىشقا بولى-
دۇكى، بۇ ئۇيغۇر تېۋىپ بەلكى يەدىبا (ئېھتىمالغا يېقىن) ياكى
ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بولۇش مۇمكىن. شۇنداق بولىدىغان
بولسا بىز يەھيانىڭ تىبابەت ئىلمىدىكى تەجرىبىسىنىڭ
ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى،
خەلقىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش، خەلقنى ئۆلۈمدىن
قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى تۆھپىسىنى، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئى-
كەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

## داڭلىق پېداگوگ جامال قارشى

جامال قارشى — (1230 — ؟) داڭلىق مۇدەررىس، پېداگوگ، مەشھۇر ئالىم ۋە تىلشۇناس.

جامال قارشىنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي، ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا تولۇق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇ 1230 - يىلى ئالمىلىق (ئىلى) تا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتىنى ئالمىلىقتىكى مەكتەپلەردە ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئالغان. تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات، لوگىكا، پەلسەپە (ئارستوتېل، سوقرات، فارابى، ئىبىن سىنا پەلسەپىلىرى)، تارىخ، جۇغراپىيە پەنلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ھەر تەرەپلىمە تەھسىل قىلغان بىلىملىرى ئۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا ئالىمى دەرىجىسىگە يەتكۈزگەن. ئۇ يەنە ئۆز ئانا تىلى — ئۇيغۇر تىلىنى مۇكەممەل، پىششىق ئۆگىنىپلا قالماي ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنىمۇ مۇكەممەل ئۆگىنىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر تىلشۇناسى ۋە تەرجىمانىغا ئايلانغان.

جامال قارشى يېقىن دوستى، چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ۋالىيسى، مەشھۇر پېداگوگ مەسئۇتبەگنىڭ مەسلىھەتى ۋە تەشەببۇسى بىلەن 1254 — 1260 -

يىللار ئەتراپىدا قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەردىكى «مەسئۇدىيە» مەدرىسىدە ئۇزۇن يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋە چاغاتاي دەۋرىدىكى قەشقەر ماتارىپىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان.

ئۇ قەشقەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەزگىللەردە، بىر تەرەپتىن ئىخلاسمەنلىك بىلەن دەرس ئۆتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ماتارىپى ۋە تىلشۇناسلىق، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن. مەھمۇت قەشقەرى تىلشۇناسلىق ئىلمىدە باشلاپ بەرگەن ئىجادىيەت ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەرەب، پارس تىللىرى ئۈستىدە ئۇزۇن مۇددەت تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە ئاشۇ تەكشۈرۈش، تەتقىقات نەتىجىسى سۈپىتىدە «سوراھۇل لۇغەت» ناملىق زور ھەجىملىك ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. ئۇ بۇ ئەسىرىدە، ئەرەب تىلىنى پارس تىلىغا ئاغدۇرغاندا، پارس تىلىنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، سۆزلۈكلەرنىڭ ئەڭ نازۇك جايلىرىنىغا ئۇيغۇرچە سۆز - ئىبارىلەرنى كىرگۈزگەن. بۇ ئەسەرنى تېخىمۇ تولۇقلاش ۋە ئېنىق شەرھلەش ئۈچۈن كېيىنرەك «سوراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا قاراخانىلار دەۋرىگە ئائىت قوشۇمچە تارىخىي مەلۇماتلارنى كىرگۈزگەن.

... جامال قارشى 1273 — 1274 - يىللىرى «ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

بۇ ئەسەر بىزگە ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى ھەققىدە مول مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. ئەسەردە ئۇ ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «مەسئۇدىيە» مەدرىسى ھەققىدە شۇنداق يازىدۇ:

«بۇ مەكتەپكە ھەممە ئىقلىمدىن ھەر يىلى مىڭلاپ ئوقۇغۇچىلار كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە يالغۇز دىنىي ئەقىدە ۋە ئىلاھىي تەلىماتلارلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئارستوتېل، سوقرات ھەكىم، خارازمى، فارابى، ئىبىن سىنا پەيلاسوپلىرى... تەتقىق قىلىنىدۇ، ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىلى قاتارلىق چەت ئەل تىللىرى ئوقۇلىدۇ.»

يەنە بەزى تارىخىي مەنبەلەردە جامال قارشىنىڭ «ئەل جەۋھىرى» ناملىق لۇغەتنى ئەرەبچىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلغانلىقى ۋە بۇ لۇغەتكە «مۇلخەقەت» قوشۇمچىسىنى يازغانلىقى قەيت قىلىنغان.

## مائارىپچى شائىر مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى

مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى — (1366 — 1465) ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر مائارىپچى، شائىرى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە ئەللامەسى.

لۇتفىنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا تولۇق مەلۇمات يوق. «تارىخىي مۇسىقىييۇن» دا ئۇنى مۇغۇلىستان① لىق دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، تۇغۇلغان يۇرتى ئېنىق يېزىلمىغان. بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، لۇتفى قەشقەردە ياكى ئۆزىنىڭ بىر قىسىم غەزەللىرىدە خوتەننى كۆپ قېتىم چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تەرىپلەپ تىلغا ئالغانلىقىغا ۋە خوتەننىڭ گۈزەللىرىنى مەدھىيىلىگەنلىكىگە قارىغاندا، خوتەندە تۇغۇلغان بولۇپ ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىتلار تۈپەيلى ياشلىق دەۋرىنى ماۋەرەئۇننەھر② دە، كېيىنكى ھاياتىنى شۇ

---

① مۇغۇلستان — تار مەنىدە شىنجاڭغا قارىتىلىدۇ؛ يەتتەسۇ، ئىلى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلارنىمۇ مۇغۇلستان دەيدۇ.

② ماۋەرەئۇننەھر — ئامۇ ۋە سىر دەريا ئارىلىقىدىكى جايلار.

زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كاتتا مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلانغان ھىرات ① تا ئۆتكۈزگەن.

پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم - مەرىپەتكە بېغىشلىغان لۇتفىنىڭ قەشقەر ياكى خوتەندىن ھىراتقا كېتىشىنى مۇنداق پەرەز قىلىنىشقا بولىدۇ، بىرى، ھىرات XIV ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ مەركىزىگە ئايلانغان بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىلىم ئىزدەپ ۋە ئۆز بىلىمىنى قەدىرلەپ شۇياقلارغا كەتكەن بولۇشى؛ يەنە بىرى، ئەينى زاماندىكى شىنجاڭ خانلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان ھوقۇق، ئىمتىياز تالىشىش كۈرەشلىرى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ماجىرالار شائىرنىڭ مەدەنىيەت يولىدا ئىزدىنىش ۋە مەرىپەت ئۇرۇقىنى چېچىش ئىدىيىسىگە بەرھەم بېرىپ، ئۇنى بۇرۇقتۇرۇم ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ، بۇ تۇرمۇشتىن بىزار بولۇپ كېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

لۇتفى دەسلەپتە ماۋرائۇننەھر، ئالتۇن ئوردا (سەمەرقەنت)، قىرىم، ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلارنى كېزىپ، ئاخىر ھىراتقا بېرىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ جايدا ياشاپ، 99 يېشىدا ھىراتتا ۋاپات بولغان.

لۇتفى ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپ بىلىم ئېلىش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋە ئۆز زامانىسىدا مەۋجۇت بولغان بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى تىرىشىپ ئىگىلەپ كامالەتكە يەتكەن. ئەرەب، پارس

---

① ھىرات — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى شەھەر. XV ئەسىردە تۆمۈرىلەرنىڭ پايتەختى بولغان.

تىللىرىنى تولۇق ۋە پۇختا ئىگىلەپ ئۆز دەۋرىنىڭ «ئەللامە» سىگە ئايلانغان، كىشىلەر ئۇنى «پاساھەتلىك ئەدىب»، «ئەزىز تەۋەررۈك زات» دەپ قوش نام بىلەن ھۆرمەتلىگەن. ئەلىشىر ناۋايىمۇ ئۇنى «مەلىكۇل كالام» (سۆز پادىشاھى) ۋە «تەۋەررۈك ئۇستاز» دەپ مەدھىيىلىگەن.

لۇتفى چاغاتاي دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر مائارىپىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن مائارىپچى شائىر بولۇپ، ماۋارائۇننەھر، سەمەرقەنت، ئەزەربەيجان، خوراسان، ھىرات قاتارلىق جايلاردىكى چوڭ مەدرىس-مەكتەپلەردە لېكسىيە سۆزلىگەن، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەرەب، پارس ئىلىملىرى گىرامماتىكىسىدىن دەرس ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە سالماق ئورۇن تۇتقان 280 غەزەل، ئىككى قەسىدە ۋە بىرقانچە ئونلىغان قىتئە، تۇيۇق، رۇبائىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «دىۋانى لۇتفى» بىلەن 2400 مىسرالىق «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى يېقىنغىچە، بىرقىسىم شېئىرلىرى تاكى ھازىرغىچە ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى بولۇپ كەلمەكتە.

لۇتفى ئىككى خىل تىل (ئۇيغۇر تىلى ۋە پارس تىل)دا شېئىر يازغان بولۇپ، بىزگە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان شېئىرلىرىلا يېتىپ كېلەلىگەن. بەزى مەنبەلەر لۇتفىنىڭ يىگىرمىدىن ئارتۇق يىرىك ئەسەر يازغانلىقىنى قەيت-قىلماقتا. كېيىنكى تەتقىقاتلار بۇ نۇقتىنى چوقۇم ئىسپاتلاپ چىقىدۇ.

## ئۇلۇغ ماتارىپچى شائىر ئەلىشىر ناۋايى

ئەلىشىر ناۋايى — (1441 — 1501) ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ۋە مائارىپىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتقان ئۇلۇغ مائارىپچى شائىر، ئالىم، مۇتەپەككۇر، دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابى.

ئەلىشىر ناۋايى سىلادى 1441 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خۇراساننىڭ مەركىزى ھىرات شەھرىدە ئوقۇمۇشلۇق، مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ناۋايىنىڭ ئاتا - بوۋىسى ئىلى ۋە يەتتەسۇ بويىدىكى موڭغۇل - چاغاتاي قەبىلىلىرىدىن تۈركلەشكەن بارلاس قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى غىياسىدىن بارلاس سەبزاۋار شەھرىنىڭ ھاكىمى ئىدى. غىياسىدىن بارلاس ئەلىشىرنى تۆت ياش چېغىدا مەكتەپكە بەرگەن. ئەلىشىر زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن سەككىز - توققۇز ياشقا كىرگەندە، سەئدىنىڭ «گۈلىستان»، «بوستان»، فەرىدىدىننىڭ «مەنتىقۇت تەير» (قۇشلار تىلى) قاتارلىق داستانلىرىدىكى پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى، سىرلىق، كىنايىلىك مەنىلەرنى باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز چۈشىنىۋالغان ۋە ئاشۇ داستانلارنى باشتىن - ئاياغ يادلىۋالغان. 11 - 12 ياشلارغا كىرگەندە «ناۋايى» تەخەللۇسى بىلەن

ئۇيغۇرچە، «پانى» تەخەللۇسى بىلەن پارسچە شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىغان. ئەلىشىر 12 - 13 ياشلارغا كىرگەندە (1453 — 1454 - يىللىرى ئارىلىقىدا) ئۇنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇ خۇراساننىڭ پادىشاھى ئوبۇلقاسىم بابۇرمىرزىنىڭ تەربىيىسىگە قالىدۇ ۋە مەرىپەتپەرۋەر بابۇر-نىڭ شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىشى بىلەن پىردەۋسى، نىزامى، خىسراۋ دېھلىۋى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى قاتار-لىق شائىرلار ۋە مائارىپچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەن بىرگە يەنە لوگىكا، پەلسەپە، ماتېماتىكا، تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە ۋە ئەرۇز ئىلمى (شېئىر ئۆل-چىمى ھەققىدىكى ئىلىم) قاتارلىق پەننى بىلىملەرنى ئىگى-لەيدۇ. ئەلىشىرنىڭ خان سارىيىدا تۇرۇپ بىلىم ئېلىشى ۋە بىلىم ئىقتىدارىدا باشقىلاردىن ھەسسىلەپ ئارتىپ كېتىشى ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق ئالىم، يازغۇچى ۋە شائىرلىرىنى خۇشاللاندۇرسا، ئىلىم - پەن دۈشمەنلىرى بولغان ھاكىمى-يەت بېشىدىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى قاتتىق قايغۇغا سالىدۇ. شۇڭا، ئەلىشىر 1464 - يىلى ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنىڭ ئورنىغا خۇراسانغا پادىشاھ بولغان ئەبۇسەئىد تەرىپىدىن سەمەرقەنتكە سۈرگۈن قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ سەمەرقەنتتىكى تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىنچىلىق ۋە موھتاجلىقتا ئۆتۈشكە قارىماي، ئىجادىيىتىنىڭ يۈك-سىلىشىگە زور تۈرتكىلىك كۈچ بېغىشلىغان مەنىلىك، ئەھ-مىيەتلىك ھايات بولىدۇ. ئۇ بۇ يەردە بىر تەرەپتىن زاما-نىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ، ئۇلار-نىڭ تەربىيىسىنى ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەشھۇر شائىر،

يازغۇچىلار بىلەن بىرگە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرىغا ئايلىنىدۇ. 1469 - يىلى يەنە ھىراتقا قايتىپ كېلىدۇ (بۇ چاغدا ئەبۇ سەئىد ھالاك بولۇپ، ھۈسەيىن بايقارا تەختكە چىققانىدى) ۋە ھۈسەيىن بايقارا تەرىپىدىن مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدۇ. 31 يېشىدا (1472 - يىلىغا كەلگەندە) ۋەزىرلىككە بەلگىلىنىدۇ. 1476 - يىلى مەدەنىيەت ،مۇستەبىتلىرىنىڭ چېقىمچىلىقى بىلەن ۋەزىرلىك خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئون يىلدەك ۋاقىتنى تۆۋەن قاتلام ئامما بىلەن ھەمنەپەس بولۇش ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ناۋايىنىڭ دۈشمەنلىرى بۇنىڭ بىلەن جىم ياتماي ئۇنى يەنە ھىراتتىن قوغلىۋېتىپ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەبىت سىياسىتىنى دەخلى - تەرۇزسىز ئىشقا ئاشۇرۇش كويىدا بولىدۇ ۋە بۇ مۇددىئاسى يولىدا جىددىي سۇيىقەست پىلانلايدۇ. 1487 - يىلىغا كەلگەندە ھۈسەيىن بايقارا بىرىنچىدىن، ناۋايى دۈشمەنلىرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش، ئىككىنچىدىن، ناۋايىنىڭ يۇكسەك ئابروي - ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ، چېگرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۇنى چېگرا شەھەر ئاستراباتتا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىدۇ.

ناۋايى ئاستراباتتا ئىلىم - پەن ئەھلىلىرىنى قوللاپ ۋە ھىمايە قىلىپ، خەلققە نارتۇقچە سېلىق سېلىپ، خەلقنى قاقشاتقان بىر قىسىم ئەمەلدارلارنى ئىشتىن بوشىتىدۇ، ئىلىم - پەن، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىنى ئاشۇرۇش يولىدا زور تىرىشچانلىق

كۆرسىتىدۇ. بۇلىڭ بىلەنلا قالماي، يەنە مەملىكەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، داۋاملىق تۈردە ھۆسيىن بايقاراغا مەكتۇپ يوللاپ، ھۆسيىن بايقارادىن دۆلەتنى ئىنساپ ۋە ئادالەت بىلەن باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە ۋەزىپىسىگە سۇسلۇق بىلەن قارىغان، پارىخورلۇق قىلغان ئەمەلدارلارنى ئىشتىن بوشىتىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ. ناۋائىينىڭ بۇ خىل مەكتۇپلىرىدىن خەۋەر تاپقان ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئاستىراباتتا جاسۇسلارنى ئەۋەتىپ ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ناۋائىينىڭ زېرەكلىكى بىلەن بۇ سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ. كېيىنكى يىللاردا، ناۋائىي ھىراتقا قايتىپ كېلىش ھەققىدە ھۆسەيىن بايقاراغا بىر قانچە قېتىم ئىلتىماس قىلىپ (بۇ چاغدا ئۇنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ كەتكەنىدى)، ئاخىر ھىراتقا قايتىپ كېلىدۇ ۋە 1501 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئىلىم - پەن خادىملىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەھلىلىرى ۋە خەلق ئاممىسى قاتناشقان دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىتى ھىراتقا قويۇلىدۇ.

ناۋائىي ئۇيغۇر مائارىپى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن مائارىپشۇناس بولۇپ، ئۇزىدىن كېيىن ئۆتكەن مائارىپچىلار ۋە شائىرلار ئۇنى ئۆزىنىڭ «پىر ئۇستازى» دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئالغان. ئۇ ھىراتتا مۆھۈردار ۋە ۋەزىر بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە ئالىم، تىلشۇناس، ئەدىب، تارىخچى، مۇزىكانت، خەتتات، شائىر، سازەندە ئوقۇتقۇچىلارنى ھىرات-

ﻘﺎ ﺗﻮﭘﻼﭖ ۋە ئۇلارنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىپ، مائا-
رىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور ياردەم
كۆرسەتتى. مەكتەپ، مەدرىسلەرنى تەسىس قىلىپ، كاتتا
بىنالارنى سالدۇردى. ئاستراباتتا ھاكىملىق قىلغان مەز-
گىللەردىمۇ بۇ ئىشتىن قىلچە قول ئۈزمەيدۇ، ئەدەبىي
ئىجادىيىتىدىمۇ ئوقۇشلۇققا باب كېلىدىغان ئەسەرلەرنى
يېزىپ مەكتەپلەر، مەدرىسلەرنىڭ دەرسلىك مەسىلىسىنى
ھەل قىلىشقا زور تۆھپە قوشتى.

ناۋايىنىڭ تاللانغان شېئىرلار توپلىمى — «ناۋايى»
ۋە ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرى XIV ئەسىردىن باشلاپ
ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ مۇھىم ئەدەبىيات دەرسلىكى بولۇپ
كەلمەكتە. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى «12
مۇقام» نىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇقام كۈيلىرى ناۋا-
يىنىڭ شېئىرلىرىنى تېكىست قىلغان بولۇپ، مۇزىكا مەك-
تەپلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا، ناخشا تېكىستى ئوقۇش-
لۇقىغا ئايلانغان. ناۋايىنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي كۆز
قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىلغار پىكىرلىك ئورغۇن
شېئىر - داستانلىرى كەڭ ئاممىغا تارىلىپ، ئائىلە ئىچى-
دىكى ئوقۇش كىتابىغا ۋە سۆھبەت تېمىسىغا ئايلانغان.

ناۋايى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ناھايىتى زور ئۇتۇق
قازانغان ۋە ئىنتايىن مول ئەسەر يازغان شائىر بولۇپ،
ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ يىرىك نەمۇنىلەر «خەزايىنۇل
مەئانى» (مەنالار خەزىنىسى) دېگەن شېئىرلار دىۋانى بىلەن
«خەمسە ناۋايى» ناملىق داستانلار توپلىمىدىن ئىبارەت
ئىككى توپلامغا مەركەزلەشكەن.

«خەزايىنۇل مەئانى» ــ ئاساسەن 16 خىل يىرىك ژانىردىن تەركىب تاپقان 44 مىڭ 803 مىسرالىق 3130 پارچە شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت توملۇق غەزەللەر توپلىمىدىن ئىبارەت. «خەمسە ناۋايى» ــ «هەيرەتۇل ئەبرار» (ياخشى كىشىلەرنىڭ هەيرانلىقى)، «پەرهات ــ شىرىن»، «لەيلى ــ مەجنۇن»، «سەبئى سەييارە» (يەتتە سەييارە)، «سەددىي ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر سېپىلى) دىن ئىبارەت بەش داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان داستانلار توپلىمىدىن ئىبارەت. بۇ توپلاملاردىمۇ ئەلشىر ناۋايىنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى ناهايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپلا قالماي، مائارىپنىڭ ئەهمىيىتى، بىلىمنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە بىلىم ئېلىشنىڭ ئۇسۇل ــ چارىلىرىمۇ كونكرېت ئوبراز ۋە تەمسىللەر ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن.

# مەشھۇر مائارىپچى سەئىد قەشقەرى

سەئىد قەشقەرى — (XV ئەسىر) مەشھۇر ئۇيغۇر مائارىپچىسى، ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر.

سەئىد قەشقەرىنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي پائالىيىتى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات يوق. تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇ XV ئەسىردە قەشقەردە تۇغۇلغان ۋە بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرلىرىنى قەشقەردە ئۆتكۈزگەن. قەشقەردە ياشىغان مەزگىللەردە قەشقەردىكى بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ — پۈتۈن زېھنى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى بىلىم ئېلىشقا سەرپ قىلىپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى، ئەدەبىيات، پەلسەپە، لوگىكا، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە تەبىئىي پەنلەرنى پۇختا ئىگىلەپ ئۆز دەۋرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن مۇتەپەككۇر ئالىمى سۈپىتىدە زور شۆھرەت قازانغان.

سەئىد قەشقەرى ياشىغان دەۋرلەردە تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلى پەن - مەدەنىيەت مەركىزى شىنجاڭ دائىرىسىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ، خوراساننىڭ مەركىزى ھىرات قاتارلىق شەھەرلەر ئۆزىنىڭ چوڭ مەدرىس - مەكتەپلىرى، ئالىم - مۇدەررىسلىرى، ھۈنەر - سانائىتى ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن داڭ چىقىرىشقا باشلىغانىدى. باشقا يۇرتلار ۋە ئەللەرنىڭ مائارىپچىلىرى،

مۇتەپەككۇرلىرى، ئالىملىرى، ۋە ئەدىبلىرى دەۋر ئېتىبارى بىلەن شۇ جايغا توپلانغانىدى. شۇڭا، سەئىد قەشقەرىمۇ مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھىراتقا بېرىپ ئۇ يەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان چوڭ مەدرىسەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ ۋە باشقا ئىلمىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

سەئىد قەشقەرى پۈتۈن ھاياتىنى مائارىپقا بېغىشلاپ، ئۆمرىنى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋە بۇ ئىشى بەدىلىگە كاتتا ئابروي قازانغان مەشھۇر پېداگوگ بولۇپ، ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن. مەشھۇر پارس شائىرى ئابدۇراھمان جامى (1414 — 1492) ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، مەشھۇر شائىر، مۇتەپەككۇر ئەلشىر ناۋايىمۇ سەئىد قەشقەرىنى ئۇستاز تۇتقان ۋە ئۇنىڭ ئۇھپىسىگە ئالاھىدە يۇقىرى باھا بەرگەن.

# سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تۇنجى ئاساسچىسى سۇلتان سەئىدخان

سۇلتان سەئىدخان — (1466 — 1533) سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تۇنجى ئاساسچىسى، تالانتلىق شائىر.

XIV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى، XV ئەسىردە موغۇلىستاندا ھۆكۈم سۈرگەن چاغاتاي ۋارىسلىرى ئىچىدە جىددىي پارچىلىنىشلار يۈز بەردى. بىر يېرىم ئەسىردەك داۋام قىلغان قالايمىقانچىلىق باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇر مائارىپىنىمۇ زور ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. پەقەت يەكەن مەركەز قىلىنغان سەئىدىيە خانلىقى (1514 — 1678) دەۋرىگە كەلگەندىلا مائارىپ ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بىرقەدەر تىنچ مۇھىت يارىتىلدى. بۇ دەۋردىكى مائارىپنىڭ تۇنجى ئاساسچىسى سۇلتان سەئىدخان ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان تەخمىنەن 1466 - يىلى موغۇلىستاننىڭ دەسلەپكى پايتەختى ئاقسۇدا تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەخمەتخان ئاقسۇنىڭ قازىسى ۋە ۋالىيسى بولۇپ، مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىدى. ئانىسى خىدىيە سۇلتان ئاغىچا

خېنىمۇ ئۇقۇمۇشلۇق ئايال بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوغلى چىن تۆمۈرخاننىڭ نەۋرىسى ئىدى. ياخشى مۇھىتتا تۇغۇلغان سۇلتان سەئىدخان تىرىشىپ ئۆگىنىپ زامانىسىنىڭ ھەممە بىلىملىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان ھەمدە مەرىپەتپەرۋەر كىشىگە ئايلانغان.

سەئىدخان تەخمىنەن 16 - 17 ياشلارغا كىرگەندە، دادىسىغا ئەگىشىپ ئۈرپانىغا بارغان. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇغۇلستانغا كېلىپ قىرغىزلارغا خان بولغان. كېيىنچە يەنە بەدەخشان، كابۇل، ئەنجان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئەنجاندا سۇلتان جانىبېكنىڭ ئورنىغا خان بولغان. تەختكە ئولتۇرۇپ ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەكەن خانلىقىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، پادىشاھ مىرزا ئابابەكرىنى مەغلۇپ قىلىپ، 1514 - يىلى 8 - ئايدا تارىختىكى مەشھۇر خانلىق سەئىدىيە دۆلىتىنى قۇرغان.

سۇلتان سەئىدخان 1533 - يىلى تىبەتكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشىدە ئىس ئۇرۇپ كېتىپ، شۇ يىلى ئەتىيازدا يەكەندە ۋاپات بولغان.

سۇلتان سەئىدخان كىچىكىدىن باشلاپ مۇتەۋەر، ئالىملارنىڭ قولىدا بىلىم تەھسىل قىلىپ، تۈركىي تىللارنى پىششىق ئىگىلەپلا قالماي، پارس تىلىنىمۇ پىششىق ئۆگىنىپ ئۆز دەۋرىنىڭ بىلىملىك كىشىسىگە ئايلانغان. تارىخىي خاتىرىلەردە ئۇنىڭ ئادالەتپەرۋەر، خەلقسۆيەر، شىجائەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر ۋە خۇش تەبىئەتلىك كىشى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. «تارىخى رەشىدى» ناملىق كىتابتا يەنە ئۇنىڭ شائىر ئىكەنلىكى بايان

قىلىنىش بىلەن بىرگە ئىككى پارچە شېئىرى خا

سۇلتان سەئىدخان ئىلىم - پەننى قەدىرلە

ئەدەبىيات - سەنئەتكە قىزىقىدىغان كىشى بولغاچقا،

قاتار ئىلغار سىياسەتلەرنى قوللىنىپ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت - مائارىپ خادىملىرى، ئالىم - پەيلاسوپلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، مەدرىس - مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپلا قالماي، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىنىمۇ كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن.

سۇلتان سەئىدخان باشلاپ بەرگەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر مائارىپى ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرېشىتخان دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ راۋاجلانغان.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئىدىيىسى ۋە مەرىپەت ئوچاقلىرىنى تەسىس قىلىشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا سالماق ئورۇنغا ئىگە تارىخىي شەخس ھېسابلىنىدۇ.

# سەئىدىيە خانلىقى مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى
# سۇلتان ئابدۇرېشىتخان

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان — (1510 — 1570) مەشھۇر دۆلەت ئەربابى، ئاتاقلىق مائارىپچى ۋە شائىر.

ئابدۇرېشىتخان 1510 - يىلى مۇغۇلىستان خانلىقىغا تەۋە پەرغانە شەھىرىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. تۆت ياشقا كىرگەندە دادىسى سۇلتان سەئىد بىلەن قەشقەرگە كېلىپ، يەتتە يېشىدىن باشلاپ قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە ئەتراپلىق بىلىم تەھسىل قىلىپ، ئۆز دەۋرىگە لايىق قابىلىيەتلىك شائىر، سازەندە ۋە ئۇستا خەتتات بولۇپ يېتىشىپ چىققان. 16 يېشىدىن باشلاپ دادىسىغا ئەگىشىپ ئۇرۇش قىلىپ «ئۇستا قىلىچۋاز»، «مەشھۇر مەرگەن» دېگەن نامغا ئىگە بولغان. بىر مەزگىل بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى (يەتتەسۇ رايونىدىكى) جايلارغا ۋالىيلىق قىلىپ 1533 - يىلى (سۇلتان سەئىدخان ۋاپاتىدىن كېيىن) خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئۆز ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە (1533 — 1570) خەلقىنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە

ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى
قەشقەردە «خاقانىيە مەدرىسى» (خانلىق مەدرىسى)
قىلدۇرۇلغان. بەكەندىمۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، مۇزىكا
مەكتەپلىرى تەسىس قىلىنغان. ھەرقايسى جايلاردا ئوتتۇرا
ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلغان. قەشقەر ۋە بەكەندە
قۇرۇلغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تىلشۇناسلىق، تارىخ، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، ماتېماتىكا، مۇزىكا، ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرى، يېزا ئىگىلىك، قول سانائەت ئىلىملىرى قاتارلىق پەنلەر تەسىس قىلىنغان. ئىران، ئىراق، ئافغانىستان، كەشمىر ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى سەئىدىيە خانلىقىغا تەۋە ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغان.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئۆز دەۋرىدە «ئالىملارنىڭ ھىمايىچىسى» دەپ نام ئالغان بولۇپ، ئۆز ئەتراپىغا داڭلىق ئالىم، مەشھۇر ئوقۇتقۇچى، سازەندىلەرنى توپلاپ، ئۆز ئوردىسىدا «دىۋانخانا» (خانلىق كاتىباتخانا) قۇرغان. «دىۋانخانا» ئۇيغۇر ئالىملىرى، مائارىپچىلىرى، شائىرلىرى ۋە يازغۇچىلىرىنىڭ ھەرخىل ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ، كۆپەيتىپ تارقىتىپ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىنى دەرسلىك ـ قوللانما بىلەن تەمىنلەش رولىنى ئوينىغان. بۇنىڭ بىلەن سەئىدىيە خانلىقىدا (ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە) نۇرغۇن ئالىملار، ئوقۇتقۇچىلار، تارىخچىلار، ئەدىبلەر، مۇزىكىشۇناسلار يېتىشىپ چىقىپ، مەدەنىي ھايات زور دەرىجىدە جانلانغان. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە سۇلتان ئابدۇرېشىتخان يەنە تاش مەتبەئەچىلىك، خەتتاتلىقنىمۇ ئالاھىدە

ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ ساھەنىمۇ ئالاھىدە تەرەققىياتقا ئىگە قىلغان. فارابى، لۇتفى، ناۋايى، سەككاكى، بابۇر قاتارلىق ئالىم، ئوقۇتقۇچى ۋە شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ بېسىپ تارقاتقان. بۇنىڭ بىلەن مائارىپ ئىشلىرى تېخىمۇ يۈكسىلىپ، چاغاتاي ئۇرۇقلىرى ئىچىدىكى پارچىلىنىش قالايمىقانچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ۋەيرانچىلىقى يەنە قايتىدىن گۈللىنىشكە قاراپ يۈز تۇتقان.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ يەنە بىر ئۆچمەس تۆھپىسى شۇكى — ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» رەتلىنىپ چىقىلغان.

ئابدۇرېشىتخان 1570 - يىلى ۋاپات بولغان.

## ئاتاقلىق مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى، ئايال شائىر ئامانىنساخان

ئامانىنساخان ــ (1534—1567) سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر مۇزىكانت، كەسپىي ئوقۇتقۇچى، ئايال شائىر.

ئامانىنساخان 1534 - يىلى دولان (ھازىرقى مەكىت ناھىيىسى) نىڭ تىزناپ دەرياسى (ھازىرقى تىزناپ دەرياسى) بويىدىكى قومۇش مەھەللە (شاھ تاتا) يېزىسىدا كەمبەغەل مۇزىكانت مەخمۇت ئاكا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى مەخمۇت ئاكا قالۇن ۋە ساتارنى ياخشى چالاتتى. ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر سازەندىلىرىدىن قىدىرخان يەركەندى قاتارلىقلار مەخمۇت ئاكىدىن دەرس ئالاتتى. مۇشۇنداق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن ئامانىنساخان ئاتىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن سەككىز يېشىدىن باشلاپلا ساتار، تەمبۇر چېلىشنى مەشق قىلىدۇ. 14 ياشقا كىرگەندە مۇزىكىنى ماھىرلىق بىلەن چالىدىغان بولۇپلا قالماي، بىرقانچە مۇقامنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ، شۇ مۇقاملاردىكى تېكىستلارنى مۇلاھىزە قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ناۋايى، فۇزۇلى، بابۇر قاتارلىق شائىرلارنىڭ غەزەللىرىنى زور ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ،

«نەفسە» تەخەللۇسىدا شېئىر يېزىپ، ئۇ شېئىرلىرىنى مۇقام تېكىستى قىلىپ ئوقۇشقا باشلايدۇ.

ھارماي ئۆگىنىش، تىرىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە ياش ئامانىسا كامالەتكە يەتكەن مۇزىكانت، ماھىر خەتتات ۋە تالانتلىق شائىر بولۇپ يېتىشىدۇ.

مۇقام ۋە ئۇنىڭ تېكىستلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئامانىسادا مۇقامنى يېڭى يولغا سېلىش — رەتلەش، ئىجادىي بېيىتىش ئارزۇسىنى ئويغىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ دادىسى ۋە قىدىرخان يەركەندى قاتارلىق مۇزىكانتلارغا تەكلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ تەكلىپى مۇنداق ئىدى: مۇقامنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەدەبىياتى (تېكىستى)نى تۈزىتىپ، ئۇنى خەلقنىڭ قەلبىگە ياقىدىغان قىلىش كېرەك. مۇقام ئاھاڭلىرىنىمۇ تەرتىپكە سېلىپ، ئىنى قىسىم، بۆلەكلەرگە ئاجرىتىپ ئۇسۇل شەكلى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. مۇقامنى يەنە نەغمە قىسىملىرىغا، نەغمىنى بولسا سەنەم، سەلىقە، مەرغۇل قاتارلىق بۆلەكلەرگە بۆلۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، كۆپ ئۆزگىرىشلىك ئەلنەغمە رەتلىنىپ چىقىدۇ - دە، مۇقام خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالىدۇ ۋە تېخىمۇ راۋاج تاپىدۇ.

ئامانىسا مۇشۇ ئارزۇسى يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان كۈنلەردە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇرېشىتخانغا ياتلىق قىلىنىپ، خان ئوردىسىغا كېلىدۇ. خان ئوردىسىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ ھەشەمەتلىك تۇرمۇش بىلەن يالتىراق زىبۇزىننەتلەرگە بېرىلمەي، ئېرى

ئابدۇرېشىتخاننىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئوردىغا دادىسى مەخمۇت، مەشھۇر مۇزىكانت قىدىرخان يەركەندى قاتارلىق داڭلىق مۇزىكانتلارنى تەكلىپ قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنى ئاياللار ئازادلىقىنىڭ كۈيچىسى ھەم جەڭچىسى قىلىپ تونۇتۇپ، ئوردىدىكى مۇزىكا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

ئۇ يەنە قىدىرخان يەركەندى بىلەن بىرلىشىپ ئوردىدىكى شاگىرتلارنى يېتەكلەپ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق شىجائەت بىلەن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تەسەۋۋۇرى بويىچە «12 مۇقام»نى رەتلەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى باشلايدۇ. ئوردىغا توپلانغان ئوقۇتقۇچى مۇزىكانت ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئەقىل - پاراستى، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى ئارقىسىدا ئامانىساخان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا بايلىقى بولغان «12 مۇقام» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا رەتلەپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا ئىشلىرىدا يېڭى سەھىپە ئاچىدۇ ۋە بۇ ئۇلۇغ خىزمىتى بەدىلىگە ئوردا ۋە خەلق ئاممىسى ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ.

ئامانىساخاننىڭ يۇقىرى ئىناۋىتىدىن ئەنسىرىگەن ۋە ئوردا تەختىنى تارتىۋېلىشنى قەستلەپ يۈرگەن سۇيىقەستچىلەر ئامانىساخاننى ئوردىدىن قوغلاش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا تۈرلۈك بەتنام ۋە سۇيىقەستلەرنى قىلىدۇ، ئەمما، بۇ بەتنام ۋە سۇيىقەستلەر زىرەك ئامانىسا ۋە مەرىپەتپەرۋەر، شۇنداقلا ئۆز خوتۇنىغا سادىق ئابدۇرېشىتخان تەرىپىدىن پاش قىلىنىدۇ.

ئامانىساخان فېئودالىق تۈزۈمنىڭ ئاسارەتلىك

تۇمانلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، «12 مۇقام» نى رەتلەپ قېلىپلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىش نىيىتىدە «ئىشرەت ئەنگىز» (كۆڭۈل ئاچقۇچ) ناملىق يېڭى مۇقام ئىجاد قىلدى. «ئەخلاقى جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە «سۇرۇل قۇلۇب» (قەلبلەر كېچىشى) ناملىق ئىلمى ئەسەرنى يېزىپ قالدۇردى. 1567 - يىلى بەختكە قارشى تۇغۇتتا ۋاپات بولدى.

# مەشھۇر مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى قىدىرخان يەركەندى

قىدىرخان يەركەندى — (؟ — 1572) سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر مۇقامشۇناس، مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى، شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى.

قىدىرخاننىڭ ھاياتى، تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. تولۇقسىز مەلۇماتتىقا قارىغاندا، ئۇ يەكەندە تۇغۇلغان. ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئەتراپلىق بىلىم ئالغان. ئەدەبىيات، مۇزىكا، لوگىكا، پەلسەپە، تارىخ پەنلىرىدە ئۆز دەۋرىنىڭ تالانتلىق كىشىسىگە ئايلانغان. ئۇنىڭ مۇزىكا، مۇقامشۇناسلىق ساھەسىدىكى تالانتى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، ئالىملىق دەرىجىسىگە يەتكەن.

قىدىرخان تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش ۋاقتىدا ئامانىساخاننىڭ تەكلىپ بېرىشى ۋە ئابدۇرېشىتخاننىڭ چاقىرتىشى بىلەن ئوردىغا كېلىپ، ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى سەئىدىيە خانلىقى ئوردىسىدا ئابدۇرېشىتخانغا ئىلىم بەرگەن. مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى بويىچە ۋەزىرلىك قىلىش ۋە مۇزىكا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش بىلەن

ئۆتكۈزگەن. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكى، تەرەققىياتى، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ جانلىنىش يولىدا ئابدۇرېشىتخانغا پايدىلىق مەسلىھەت ۋە تەكلىپلەرنى بەرگەن. جامائەت قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشى، قانۇن - تۈزۈمگە دائىر ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى قىدىرخاننىڭ تەكلىپى بىلەن يۈرگۈزۈلگەن.

قىدىرخان مۇزىكا ئىلمىدە ناھايىتى قابىلىيەتلىك كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ داڭقى چەت ئەللەرگىمۇ تارالغان. سەئىدىيە خانلىقى ئوردىسىدا قۇرۇلغان مۇزىكا مەكتىپى ئۇنىڭ داڭقى ۋە شۆھرىتىنى نامايان قىلىدىغان بىر سورۇنغا ئايلانغان. ئىراق، ئىران، تەبرىز، خارازم، سەمەرقەنت، ئەنجان، ئىستامبۇل، كەشمىر، بەلخ، شىراز قاتارلىق جايلاردىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن كىشىلەر ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىمى بىلەن ئەمەلىي ئىقتىدارىنى پۈتۈن شەرق ئالىمىگە تاراتقان.

قىدىرخان مۇزىكا ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتۈش جەريانىدا «ۋىسال» ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ، ئۆز شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن. ئۇ يەنە مۇزىكا ئوقۇتۇشىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مۇزىكا پېنى ھەققىدە بىرقانچە نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى يازغان.

قىدىرخان ئابدۇرېشىتخاننىڭ شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىشى ۋە ئىلھام - مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، ئامانىساخان ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى مەخمۇت ئاكا ھەمدە ئۆز شاگىرتلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى بولغان «12 مۇقام» نى رەتلەپ نوتىغا ئالغان.

ئۇنىڭ تېكىستلىرىنى قايتىدىن ئىسلاھ قىلىپ، ناۋايىنىڭ لىرىك شېئىرلار توپلىمى بولغان «چاھار دىۋان» دېكى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئەڭ يارقىن ۋە نەپىس شېئىرلىرى بىلەن بېيىتقان. بۇنىڭ بىلەن ناۋايىنىڭ ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرىنىڭ داڭقىنى جاھانغا تونۇتۇش، «12 مۇقام» نى زامانىمىزغىچە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىنى ئورۇنداپ، خەلق ئارىسىدا زور ئالقىشقا ئېرىشكەن.

ئۇ يەنە، راۋاب، خۇشتار قاتارلىق سازلارنى ئىجاد قىلىپ، «مۇزىكىنىڭ 13 - پىرى» دەپ نام ئالغان. شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ «دىۋان قىدىرى» ناملىق توپلامنى تۈزۈپ چىققان.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مائارىپى، مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئالىم، مائارىپچى، دۆلەت ئەربابى قىدىرخان يەركەندى 1572 - يىلى يەكەندە ۋاپات بولغان.

## داڭلىق پېداگوگ موللا ئەخمەت
## باقى (قىسۇرى)

موللا ئەخمەت باقى غوجامنىياز ئوغلى (قىسۇرى) — (1717—1827) مەشھۇر پېداگوگ، كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر.

موللا ئەخمەت باقى 1717 - يىلى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن رايونى بازار مەدرىسى ئالدى مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى غوجامنىياز ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، موللا ئەخمەت باقىنىڭ ساۋاتى شۇ كىشىنىڭ تەربىيىسىدە چىققان. ئىلىم - پەنگە، جۈملىدىن ئەدەبىياتقا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان موللا ئەخمەت باقى ساۋاتىنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، لۈكچۈن ۋاڭلىق مەدرىسى، قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى خانلىق مەدرىسى قاتارلىق جايلاردا ئوقۇپ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان. ئۇ ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەلىشىر ناۋايى قاتارلىق مائارىپچى ۋە شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئىدىيىسى بىلەن پۇختا تونۇشۇپ، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر مائارىپى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە قىسۇرى

تەخەللۇسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇ يەنە تىببىي ئىلمىنى ئۆگىنىشتىمۇ ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولغان.

موللا ئەخمەت باقى قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى پۈتتۈرۈپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پىچان ناھىيىسىدىكى بىلىم يۇرتى ۋاڭلىق مەدرىسىگە باش مۇدەررىس ۋە ئەلەم بولغان. شۇندىن تارتىپ تاكى 1827 - يىلى ۋاپات بولغۇچە بولغان ئۇزۇن يىللار جەريانىدا، ئۆمرىنى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن.

موللا ئەخمەت باقى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە كۆپلەپ ئىزدەنگەن. گويا ئوقۇتۇش ماتېرىيالى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىغا قارىتا بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان.

ئەينى ۋاقىتتا مەدرىسلەرنىڭ ئاساسلىق ئوقۇشلۇقى پارس، ئەرەب تىلىدىكى كىتاب - رىسالىلەر بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئاشۇ تىللارنى پۇختا ئۆگەنمىگۈچە دەرس مەزمۇنىغا چۈشىنەلمەيتتى، بۇ خىل دەرسلىك ماتېرىيالى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ بىلىملىك كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈش تولىمۇ قىيىنغا چۈشەتتى، ۋاقىتمۇ كۆپ ئىسراپ بولاتتى. موللا ئەخمەت باقى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توسالغۇ بولىدىغان بۇنداق دەرسلىككە قارىتا جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئالدى بىلەن ئاشۇ پارس، ئەرەب تىللىرى دەرسلىكلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئۆزى شېئىر يېزىپ يازغان شېئىرلىرىنىڭ

مائارىپىدا، ئوقۇتۇشتا بىلىم كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ ئۇنى شېئىرىي دەرسلىك قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ. تاللانتلىق پېداگوگ، تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچى موللا ئەخمەت باقى ئوقۇتۇشتا مۇشۇ ئىسلاھات بىلەن چەكلىنىپ قالماي، يەنە ئىلمىي دىداكتىكىنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولغان شېئىرىي تېپىشماقلارنى يېزىپ چىقىپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە زېھىن سىناش خاراكتېرىدىكى پائالىيەتلەرنى كۆپلەپ ئېلىپ بارىدۇ.

موللا ئەخمەت باقىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، مەزمۇنى قاتارلىق جەھەتتىكى ئەجرى سىڭگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئۆلۈك ھالدا كىتاب ئوقۇيدىغان قارىيلاردىن ئەمەس، بەلكى «ئىلىم - پەن ئارقىلىق مىللەتنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ، ئىلىم - پەن ئىنساننىڭ ئەقىل چىرىغى» دەيدىغان كۆز قاراشتا ئىنگە مەرىپەتپەرۋەرلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

موللا ئەخمەت باقى يەنە ئىلىم - پەننى قەدىرلەش، ئىلىم - مەرىپەتنى ئومۇملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان «ۋاڭغا نەسىھەت» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراش ۋە پىكىرلىرىنى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگە تەشۋىق قىلىدۇ.

موللا ئەخمەت باقىنىڭ ئۇيغۇرلار تېخى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى دەۋرىگە قەدەم قويمىغان، يەنىلا كونا ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان،

ھەتتا «چىراغسىز جاھالەت دەۋرى» دە تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، يېڭىچە ئوقۇتۇشقا ئاساس سېلىشى دەۋر بۆلگۈچ بىر ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىش ئەينى ۋاقىتتىكى پىچان رايونىنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ قەدىمىنى تېزلىتىشتە بەلگىلىك رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان مائارىپ ئىسلاھاتى، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىدىمۇ خېلى ئۈنۈملۈك ئەھمىيەتكە ئىگە.

موللا ئەخمەت باقى يەنە ئۆز ئۆمرىدە كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلارنى، 3000 مىسرادىن تۈزۈلگەن «دەۋزەتىل زىھرا» ناملىق ئۈچ پارچە ئەسەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ھەجىمدىكى داستاننى يازغان. تىبابەتچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

## مەشھۇر شائىر، ئوقۇتقۇچى
## ھۈسەينخان تەجەللى

ھۈسەينخان تەجەللى — (1850—1930) ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى مەشھۇر ۋەكىللىرىنىڭ بىرى، ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچى، مەشھۇر شائىر ۋە تىبابەتچى.

تەجەللى 1850 - يىلى قەشقەر ئاھىنىستىنىڭ كاسكى يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەلۇماتنى ئاتىسى قۇتبىددىن دېگەن كىشىدىن ئالغان. كېيىن ئاتىسىغا ئەگىشىپ ھىندىستانغا بېرىپ ھىندىستاندىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «دېھلى دارىلئۇلۇمى» دا ئوقۇپ ئەرەب، پارس، ھىندۇ تىللىرىنى ئۆگىنىپلا قالماي، يۇقىرىقى تىللاردا ئوقۇلىدىغان ئەدەبىيات، پەلسەپە، ئاسترونومىيە، خىمىيە، ھېساب، تىبابەتچىلىك قاتارلىق ئىلىملارنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ ئۇ، دۇنيا ئەدەبىياتى ھەم شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىققان. ھۈسەينخان تەجەللى «مەۋلەۋى» ئىلمي ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش تاماملىغاندىن كېيىن يەنە كابۇلدىكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا بىر دەرىجە يۇقىرى مەلۇمات ئالغان. بۇ مەكتەپتىمۇ زور

تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن.

ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتى قاغىلىققا كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق، تىبابەتچىلىك ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۇزۇن يىل شۇغۇللىنىپ، 1930 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ «كاسكى» دېگەن جايىدا ۋاپات بولغان.

ھۈسەينخان تەجەللى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەزگىللەردە كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىپ مەدەنىيەت، مەرىپەت ئۇرۇقىنى ھەممە يەرگە دېگۈدەك چاچتى. ئۇنىڭ ئىلمىي پەزىلىتى، پېداگوگىكىلىق شۆھرىتىدىن خەۋەر تاپقان قەشقەر، يەكەن، خوتەن، پوسكام قاتارلىق يىراق - يېقىندىكى بىر قىسىم تالىپلار (شاگىرتلار، ئوقۇغۇچىلار) ئۇنىڭ تەربىيىسىنى ئېلىش ئۈچۈن قاغىلىققا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئىلىم - مەرىپەت ئۆگەنگەن. ئۆز دەۋرىنىڭ خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلىرى دەپ سانالغان پېشقەدەم ئالىملار ۋە پروفېسسورلارمۇ ئۆز بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىلمىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھۈسەينخان تەجەللىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن دەرس ئالغان. ھۈسەينخان تەجەللى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ مەزمۇنلارنى توغرا چۈشىنىش، توغرا شەرھلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر قىسىم دەرسلىك كىتابلارنى قايتا ئىشلەپ تولۇقلىغان، بەزىلىرىگە شەرھ يازغان. ئۇ يازغان «تەجدىدى كەششاپ» (كەششاپنى يېڭىلاش) دېگەن ئەسىرى ئەنە شۇ مەقسەتتە يېزىلغان

ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ بىرىدۇر.

تەجەللىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقتىن كېيىنكى ھاياتى ئاساسەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تىبابەتچىلىك بىلەن ئۆتكەن بولۇشىغا قارىماي ئۇ يەنىلا مەرىپەت، ئاقارتىش يولىدا نۇرغۇن قان - تەرلەرنى سىڭدۈرگەن. ئۇ يازغان «بەرق تەجەللى»، ئاملىق شېئىرلار توپلىمى ئۇيغۇر مەدرىس مەكتەپلىرىنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەدەبىيات دەرسلىكى بولۇپ قالغان. ئۇ يەنە ئۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر پېداگوگلىرى، مائارىپپەرۋەر ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇقادىر داموللام، شەمسىدىن داموللام، مەخمۇت داموللام، ئابدۇجېلىل داموللام قاتارلىق كىشىلەر بىلەن يېقىن دوستلۇق ئورنىتىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

ھۈسەيىنخان تەجەللى زور شۆھرەت قازانغان شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىدىن «بەرق تەجەللى»، «دىۋان تەجەللى» قاتارلىق توپلاملىرى مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىجادىي ئەمگەكلىرى مەرىپەت دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن شائىرنىڭ كىتابخانىسىغا ئوت قويۇۋېتىلگەن چاغدا كۆيۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

# ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇنجى ئاساسچىلىرى
## ئاكا ـ ئۇكا موسابايلار

ئاكا ـ ئۇكا (ھۈسەيىنباي، باھاۋۇدىنباي) موسابايلار (1844 — 1926، 1851 — 1928) كونا ئادەت كىشىلىرىنىڭ كىشەنلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇنجى ئاساسچىلىرى ۋە مەرىپەتپەرۋەر زاتلاردۇر.

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە جاھالەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. بولۇپمۇ قەشقەردەك مۇھىم مەرىپەت مەركەزلىرىدە ئەينى زاماندا ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، مەشھۇر تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى، ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپىنىڭ بۈيۈك ئۇستازى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنى يېتىشتۈرگەن «مەدرىسەئىي ساجىيە» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئورغۇنلىغان ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ داڭ چىقارغان «مەسئۇدىيە»، «ھامىدىيە»، «خانلىق مەدرىسى» قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ مۇنارلىرى يىقىلىپ، پۈتۈن تارىم ۋادىسى زۇلمەت ئىچىدە ھالىدىن كەتكەندى. ئەكسىچە، بۇ چاغدا ياۋروپا ئەللىرىدە يېڭى

مائارىپ يۈكسىلىپ، يېڭى تېخنىكا راۋاجلىنىپ، ئەپلەت ئويقۇسىدا ياتقان غاپىللار دۇنياسىنى ھەيران قالدۇرۇۋا-تاتتى. بۇ تارىم ۋادىسىغىمۇ تەسىر قىلدى.

ئاكا - ئۇكا موسابايلار ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئىكساق كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆز يۇرتى ۋە قەشقەردىكى بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ، بىرقەدەر يۇقىرى مەلۇمات ئالغان ھەمدە ئىسىنىڭ سودا ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئاتىسى ۋە بوۋىسىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئىدىيىسىنى چوڭقۇر سىڭدۈر-گەن باھاۋىدىنباي ئۆز بىلىمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، 1870 - يىلى روسىيىنىڭ ياركەنت شەھىرىگە چىقىپ، تاتار يېڭىچە مەكتىپىدە ئوقۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ خېلى مەلۇماتلىق كىشىسىگە ئايلانغان.

موسابايلارنىڭ بوۋىسى ئابدۇرۇسۇلباي ئۆز زامانى-سىدا قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە بۇ ئاتا مەكتىپكە ئىزچىل ياردەم بېرىپ جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇلار-نىڭ دادىسى موساھاجىمۇ شۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇغان ۋە XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا زور بىر قىسىم مەبلەغ ئاجرىتىپ خانلىق مەدرىسىنى بىر قېتىم چوڭ رېمونت قىلدۇرۇپ بېرىپ، پۈتۈن قەشقەر ئاھالىسى ئىچىدە كاتتا ئىززەت - ئابروي قازانغان. ئۇ يەنە ئۆز بايلىقىنىڭ بىر قىسمىنى ۋە ئۆشرە - زاكاتلىرىنى مەكتەپ - مەدرىسە ئۈچۈن سەرپ قىلغان. موساھاجىنىڭ «بايلىقىنىڭ بىر قىسمىنى، ئۆشرە - زاكاتنى مەكتەپ ۋە مەدرىسكە تەسەرۇپ

قىلىش زۆرۈر» دېگەن ۋەسىقىسى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ياۋروپادا پارتلىغان ئىلىم - پەن مۆجىزىلىرىنى بىۋا-سىتە كۆزەتكەن، يېڭى مائارىپنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ قايىل بولغان ئاتۇشلۇق مە-رىپەتپەرۋەر بايلاردىن موساھاجى، تاشئاخۇن، باھاۋىدىن-بايلار يېڭى سانائەت بىلەن يېڭى مائارىپنىڭ زىچ مۇناس-ۋىتىنى ھېس قىلىشقانىدى. شۇڭا، ھۈسەيىنباي بىلەن باھاۋىدىنباي ئىلدا خورۇم زاۋۇتى قۇرۇشنى پىلانلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ زاۋۇتقا كېرەكلىك بولىدىغان تېخنىك ۋە مەلىكىلىك ئىشچىلارنى ئويلاشقان. بۇنىڭ بىلەن ئويغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئىدىيىۋى ھازىرلىق شەكىللەنگەن.

چەت ئەلنىڭ يېڭى مائارىپىدىن تەسىرلەنگەن، ئاتا - بوۋىسىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان باھاۋىدىنباي ئاكىسى ھۈسەيىنباينى يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ھەمكارلىشىشقا كۆندۈرۈپ، ئىككىيلەن ئۆز-ىنىڭ شەخسىي تاپاۋىتىدىن بىر بۆلۈك ئىقتىسادنى ئاجرىتىپ ئۆز يۇرتى ئىكساقتا ئويغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى ئۇچ سىنىپلىق تۇنجى مەكتەپنى قۇرۇپ چىقىپ، 1885 - يىلى رەسمىي ئوقۇش باشلىغان. بۇ مەكتەپ كېيىنچە «ھۈسەيىنىيە مەكتىپى» (بۇ مەكتەپنى گەرچە باھاۋىدىنباي تەشەببۇس قىلىپ قۇرغان بولسىمۇ، ئاكىسىنىڭ ياردىمى ۋە مەسلىھەتىنى ئالغانلىقى، ئاكىسىنىڭ ئۆزىدىن چوڭ ھەمدە ئۆزىگە ئىلىم ئۆگەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بىرقانچە

تەرىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ مەكتەپكە ئۆز نامىنى ئەمەس، بەلكى ئاكىسىنىڭ نامىنى قويغان) دەپ ئاتالغان.

1898 - يىلغا بارغاندا، بۇ مەكتەپ ئۈچ يىل قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق كارىدورلۇق، سەككىز سىنىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوقۇتۇش بىناسى، 32 ئېغىزلىق ئوقۇغۇچىلار ياتىقى، زال، ئىككى ئېغىزلىق ئاشخانا، مۇلازىمەت دۇكىنى، مۇنچا، ئىسكىلات، خومدان، ئون نەچچە مو كەڭلىكتىكى باغ ۋە ئورمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئىلغار زامانىۋى مەكتەپكە ئايلانغان.

ھۈسەيىنباي، باھاۋىدىنبايلارنىڭ يېڭى مائارىپ بازىسى ئاتۇشتىلا قۇرۇلۇپ قالماستىن، ئىلى ۋادىسىدىمۇ قۇرۇلغان. ئۇلار يىراقنى كۆرەلىگەن مائارىپ پىلانىغا ئاساسەن، 1889 - يىل ئىلىدىمۇ تۇنجى يېڭى مەكتەپ «ھۈسەيىنىيە مەكتىپى» نى تەسىس قىلغان. گېرمانىيىدىن سېتىۋالغان كونا خۇرۇم زاۋۇتىنى ماڭدۇرۇش ئۈچۈن، 1907 - يىلى ھازىرقى ئىلى پېداگوگ ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىدا بىر تېخنىك ئۇستىلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى ئاچقان. بۇ مەكتەپكە بۇخارادا ئوقۇغان داڭلىق ئوقۇتقۇچىلار ۋە گېرمانىيىدىن زاۋۇت بىلەن بىرگە كەلگەن تېخنىكلارنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، تىل-ئەدەبىيات، ھېساب، فىزىكا قاتارلىق پەننىي دەرسلەر، تېرە پىرىيوم قىلىش، ئۈچەي ئايرىش، مويچىلىق، ئېگەر - جابدۇق ياساش، ئەنجۈمەسازلىق، شورىنكىچىلىق قاتارلىق كەسپىي دەرسلەر تەسىس قىلىنغان.

ئاكا - ئۇكا مۇسابايلار ئېكساق ۋە ئىلىدىكى دېھ-

مەيننىيە مەكتىپى» قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئوقۇت-
قۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاتۇش ۋە ئىلىدىن
ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئەللىكتىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى روسىيە،
تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن، تۈركىيەدىن
ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئابابەكرى، ئەخمەت كامال قاتار-
لىق ئون نەچچە نەپەر ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەل-
گەن. چەتتىن كىرگەن، چەتكە چىقىشىپ ئوقۇپ كىرگەن
ئوقۇتقۇچىلار بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى
ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ
قەلبىگە ئىلىم ئۇرۇقىنى چاچقان. ئېكىساقتىكى يېڭى مەك-
تەپنىڭ قۇرۇلۇشى جەنۇبىي شىنجاڭدا، ئىلىدىكى يېڭى
مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى شىمالىي شىنجاڭدا ئۇيغۇر يېڭى مائا-
رىپىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەنىدى. كۈن-
ساناپ ئۈلغىيىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى، ئارقا - ئارقىدىن
قۇرۇلۇۋاتقان يېڭى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ
بېرىش ئاكا - ئۇكا مۇسابايلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان
جىددىي مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ مەسىلىنى
ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئۆز ئىچىمىزدىن
ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش دەپ قاراپ، 1907 - يىلى ئېك-
ساقتا «ھەببىزادە دارىلمۇئەللىمىن» مەكتىپىنى قۇرۇپ
چىقتى. بۇ مەكتەپكە ئاتۇش، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق
جايلاردىن 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئىككى
يىلدىن كېيىن (1909 - يىلى) بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش
پۈتتۈرۈپ، ئاتۇش، قەشقەر، قاغىلىق، خوتەن، كۇچا، كۆچۈلە-
قۇتۇبى قاتارلىق جايلارغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندى.

ئاكا - ئۇكا موسابايلارنىڭ ئىشى مەكتەپ قۇرۇش ئىشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. ئۇلار مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئۆگىنىشى، خاتىرجەم ئۆگىنىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى شارائىتلارنىمۇ تىرىشىپ يارىتىپ بەرگەن. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق مەنىۋى يېتەكچىلەرنىڭ دەرسلىك تۈزۈشىگە ياردەم بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن سىرتتىن تاش مەتبەئە سېتىۋېلىپ، ئۇ دەرسلىكلەرنى مەتبەئەدە بېسىپ تارقاتقان. مەرىپەت دۈشمەنلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلىدىغان «ئاڭ گېزىتى»نىڭ چىقىرىلىشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن. ئۇلار بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي يەنە داۋاملىق تۈردە مەكتەپلەرگە بېرىپ، سىنىپلارغا كىرىپ دەرس ئاڭلاپ تۇرغان. ئوقۇشتا نەتىجىسى ياخشىلارغا ئۆز قولى بىلەن مۇكاپات تارقىتىپ بەرگەن.

ئاكا - ئۇكا موسابايلارنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدا سەرپ قىلغان ئىقتىسادىي مەبلىغى ھەرقانداق دۆلەت، ھەرقانداق مىللەت كىشىلىرىنىڭ مائارىپقا سالغان مەبلىغى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە كۆپ بولۇپ، مەكتەپ سېلىشتىن تارتىپ، ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش، سىرتقا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش، ئوقۇتقۇچىغا مائاش تارقىتىش، تاش مەتبەئە سېتىۋېلىش، ئوقۇغۇچىلار تەمىناتى تارقىتىش، گۆرە قويۇلغانلارنى سېتىۋېلىپ ئوقۇتۇشقىچە بولغان تۈرلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك شەخسىي تاپاۋىتىدىن پۇل چىقارغان. بۇ قانداقتۇر موسابايلار-

نىڭ بايلىقىدىن ياكى سانائەت بازىسىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكىدىن بولغان. بىز بۇنى تۆۋەندىكى پاكىتتىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

باھاۋىدىنباي 1870 - يىلى روسىيىنىڭ ياركەنت شەھىرىدىكى تاتار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلىدىكى بەيتۇللا مەسچىتى يېنىدىكى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇمغا تەكلىپ بېرىپ، مەدرىستە تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئەت، فىزىكا، ماتېماتىكا، تارىخ، تەنتەربىيە قاتارلىق پەننىي دەرسلەرنى كىرگۈزگەن.

ئۇ يەنە ئابدۇقادىر داموللامدىن، شۆھدىلارنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدە ئوتتۇزغا يېقىن كۆدەك ئۇيغۇر باللىرىنى كۆرە ئېلىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۆھدىلارغا ئاشۇ باللارنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. شۆھدىلار بۇ باللارنى ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان ئۆلچەمدە ھەق بېرىلسە ئاندىن قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ ھەق ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي باھاۋىدىنباي بۇ شەرتكە ماقۇل بولۇپ، قارشى تەرەپنىڭ تەلىپى بويىچە ھەق تۆلەپ، ئاشۇ باللارنى قۇتقۇزۇۋالغان ھەمدە ئۇلارنى «ھۈسەيىنىيە مەكتىپى»گە ئەكىلىپ ئوقۇتقان.

باھاۋىدىنباي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى، ئېكساقتىكى دېھقانلارنىڭ چېنىقىش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەكتەپنىڭ شەرق تەرىپىدىن بىر پارچە

پۇتبول مەيدانى ياسايدىغان يەرنى سېتىۋېلىپ، پۇتبول مەيدانى ياساتىپ بەرگەن. پۇتبول ئويۇنچىلىرىنىڭ ئاق تۇماق، ئىچكە پاختا، لاتا قاتارلىق نەرسىلەرنى تىقىپ ئۇنى توپ قىلىپ تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چەتئەلدىن پۇتبول توپى ئەكەلدۈرۈپ بەرگەن. ھەتتا ناسوس يوقلۇقىدىن كىشىلەرنىڭ ئېغىز بىلەن يەل بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە چەتئەلدىن ناسوس ئەكەلدۈرۈپ بەرگەن.

يۇقىرىقىلاردىن چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ئاكا - ئۇكا مۇسابايلار ئىكساق ۋە ئىلىدىكى يېڭى مەكتەپلەرنىڭ ئاساسچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىكى باشپاناھى. ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ئاكا - ئۇكا مۇسابايلارنىڭ ئاساس سېلىشى بىلەن قولغا كەلگەن.

# ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپىدىكى تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى كېرىمئاخۇن

كېرىمئاخۇن (1860 — 1888 - يىللار) ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا ئاساس سالغۇچى ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپىدىكى پارلاق مەشئەل «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ تۇنجى مۇدىرى.

كېرىمئاخۇن 1860 - يىلى ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەلۇماتنى ئۆز يۇرتىدىكى كونىچە مەكتەپتە سەيناجىم (بۇ كىشى كېرىمئاخۇندىن كېيىن «ھۈسەينىيە مەكتىپى» گە مۇدىر بولغان)، چوڭ غوجىكام سادىر موللام قاتارلىق يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلاردىن بىلىم ئالغاندىن كېيىن ئۆز بىلىمىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسى» گە ئوقۇشقا كىرىپ، ئاتاقلىق مەدرىسلەردىن بىلىم ئالغان.

1883 - يىلى باھاۋىدىنباي تەرىپىدىن روسسىيىنىڭ قازان شەھرىدىكى دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ۋە 1885 - يىلدىن 1888 - يىلغىچە «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ مۇدىرى بولغان. 1888 - يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 28 يېشىدا ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە ۋاپات بولغان.

كېرىمناخۇن كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا بىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان ئۆتكۈر زېھنىلىق ياش بولۇپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆگەتكەن دەرسلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماي ئوقۇتقۇچى دەۋر، شارائىتتا ۋە سەۋىيە ئېتىبارى بىلەن ئۆگىتەلمەي كېلىۋاتقان مەزمۇن ۋە مەسىلىلەرنىمۇ ئۆگىنىشكە تىرىشاتتى. ئوقۇتقۇچىلىرىغا «نېمە ئۈچۈن...» دېگەن سوئاللارنى دائىم دېگۈدەك قويۇپ تۇراتتى. ئوقۇتقۇچىلىرىغا ياردەملىشىپ ساۋاقداشلىرىنىڭ دەرسنى ياخشى ئۆگىنىشكە ياردەم قىلاتتى. «خانلىق مەدرىسى» دە ئوقۇغان چاغلىرىدا ھەر خىل پەنلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىشتىن سىرت، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلەپ ئىسلامىيەت ماتارىپىنىڭ كلاسسىكلىرى بىلەن تونۇشۇپ ۋە ئىسلامىيەت ماتارىپىنىڭ مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغان.

كېرىمناخۇننىڭ روسىيىگە ئوقۇشقا چىقىشى ئۇنىڭ تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش بولغان.

بۇ دەۋردە ئۇ ھەر خىل پەننى دەرسلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا رۇس، تۈرك، تاتار تىللىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ كىچىك ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچىلىرىدىن جاۋاب ئالالمىغان «نىمە ئۈچۈن...» لەرنىڭ جاۋابىنى تاپقان، يەنى ئۇ بۇ دەۋردە مىللەتنى مەنىۋى كىشەندىن ئازاد قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ كىشىلەرگە ئىلىم - پەننى ئىگىلىتىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدىكەن دىگەن قاراشنى شەكىللەندۈرگەن ۋە بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھىس قىلغان. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن ئىشنى ياۋروپا يېڭى مائارىپىنى پۇختا ئۆگىنىشتىن باشلىغان. بولۇپمۇ يېڭى مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويغاندىن كېيىنكى مەكتەپ باشقۇرۇش مەسىلىسىنى ئالاھىدە تەتقىق قىلغان.

كېرىمئاخۇن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالى ۋە چەت ئەللەردىكى يېڭىلىقلارنى باھاۋىدىنباي ۋە يۇرتداشلىرىغا دوكلات قىلىدۇ ھەمدە چەت ئەلدە تۇرۇپ يېڭى مەكتەپ ئېچىش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتە كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل بولغان باھاۋىدىنباي ۋە يۇرت مەرىپەتپەرۋەرلىرى شۇ مەيداندىلا ئۇنى «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتەشكە بېكىتىدۇ.

كېرىمناخۇن مەكتەپ مۇدىرى بولغاندىن كېيىن جىرىنچى بولۇپ بۇ مەكتەپتە بەش كىشىلىك «مۇدىرىيەت ھەيئىتى» قۇرۇپ چىقىپ باھاۋۇدىنبايىنى مۇدىرىيەت ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلى قىلىپ بېكىتتى. يەنە يۇرت بايلىرى ۋە مۆتىۋەرلىرىدىن تەركىب تاپقان توققۇز كىشىلىك «ئاتا - ئانىلار ھەيئىتى» نى قۇرۇپ چىقتى (دۆلەتتىن مەبلەغ ئاجراتمىغان، ھەتتا دۆلەت ئىگە بولمىغان بۇنداق مەكتەپنى يۇقىرىقىدەك ھەيئەتلەر قىزىقماي تۇرۇپ ياخشى باشقۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۇ چەت ئەلدە تۇرۇپلا كۆڭلىگە پۈككەندى). بۇ غەربنىڭ يېڭىچە مائارىپىنىڭ شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئىدى.

كېرىمناخۇن «ھۆسەينىيە مەكتىپى» نىڭ دەرسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ھەم يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ كونكرېت تەلىپىگە ماس كېلىدىغان، ھەم ھەممىدە چەتكە چوقۇنمايدىغان، ئىلىمنىڭ ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇشىنىمۇ بىراقلا چەتكە قايرىۋەتمەيدىغان ئەقىلغە مۇۋاپىق مەزمۇننى تاللىغان. تۇنجى قېتىم: ھېساب، تىل، ئىملا، ئوقۇشلۇق (ئەدەبىيات)، ئەرەب، پارس تىلى، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي ھال (تەبىئەت)، ئىلمىي تەجۋىد، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەرنى كىرگۈزگەن بولسا، ئىككىنچى قېتىم بۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. كېيىن تۈزۈلگەن دەرس سېتكىسى مۇنداق:

«ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ 1888 - يىلدىكى دەرس جەدۋىلى

| قاتار / سائەت / كۈنلەر | چۈشتىن بۇرۇن 1 | 2 | 3 | 4 | چۈشتىن كېيىن |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| شەنبە | ئانا تىلى | ئانا تىلى | ناخشا | ھېساب | ئەمگەك، تەنتەربىيە، مۇزىكا - سەنئەت پائالىيەتلىرى |
| يەكشەنبە | تەبىئەت | تارىخ | جۇغراپىيە | تەجۋىد | |
| دۈشەنبە | تارىخ | ھېساب | تەنتەربىيە (گەزمە) | تەبىئەت | |
| سەيشەنبە | تەجۋىد | جۇغراپىيە | شىپاھىيە | رەسىم | |
| چارشەنبە | ئەرەب - پارس تىلى | ئەدەبىيات | رۇس تىلى | تارىخ | |
| پەيشەنبە | ئاقائىدى زۆرۈرىيە | | (ئەقىدە ۋە ئەخلاق) | | |
| ئازنا (جۈمە) | دەم ئېلىش | | | | |

كېرىمئاخۇن «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نى مۇنتىزىم مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ مەكتەپ ئىنتىزامى، ئوقۇتۇش تۈزۈمى، ئىمتىھان ئېلىش، نەتىجىنى باھالاش، مۇكاپاتلاش چارىسى قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىققان. ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ئالتە سائەت، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بەش سائەت مەشغۇلات

ئورنىتىپ، ئوقۇتقۇچىلار دىجورنى بولۇش، سىنىپ مۇدىرى بولۇشنى يولغا قويغان. ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئەلىيۇلئەلا (بىرىنچى دەرىجە)، ئەلا (ئىككىنچى دەرىجە، ياخشى)، ئەۋسات (ئۈچىنچى دەرىجە، ئوتتۇرا)، ئەدنا (ئۆتەلمىگەن، نىيوت) تىن ئىبارەت تۆت دەرىجە بويىچە باھالاشنى، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى «تەھسىننامە» «ئايرىننامە» «تەقدىرنامە»، «شاھادەتنامە» قاتارلىق تۆت دەرىجە بويىچە مۇكاپاتلاشنى يولغا قويغان.

كېرىمئاخۇن ئاران ئۈچ يىل مەكتەپ باشقۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىشى، كىچىكلىكتىن چوڭىيىشى، مەھەللىۋى دائىرىدىن پۈتۈن شىنجاڭغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىدا سىڭدۈرگەن ئەجرى، ياراتقان تۆھپىسىنى ھەرگىز كىچىك چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقى بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىز بۇ مەنىۋى يېتەكچىنى چوڭقۇر سېغىنىدۇ. ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالغۇسى.

## ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچىسى راھىلە خانىم

راھىلە خانىم (1860 — 1917 - يىللار) ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپىغا ئاساس سالغان «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ ھەمدە ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچىسى، ئاياللار ئازادلىقىنىڭ تەشۋىقاتچىسى ۋە يېتەكچىسى.

راھىلە خانىم 1860 - يىلى ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەت سۇلتان خەلپىتىم بىلىملىك، مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇپ، ئۆز يۇرتى ئىكساق ۋە قەشقەر، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا بىلىم ئالغان ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. كېيىن ئۆز يۇرتىدىكى كونا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1885 - يىلى «ھۈسەينىيە مەكتىپى» قۇرۇلغاندىن كېيىن شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

كىچىكىدىن باشلاپلا بىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان گۆدەك راھىلە ئائىلىسىدە دادىسى مۇھەممەت سۇلتان خەلپىتىمدە ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىدىكى

كونا مەكتەپكە كىرىپ ئابدۇلماناپ داموللا، چوڭ غوجىكام قاتارلىق ئۆلىما مۇدەررىسلەردىن بىلىم ئېلىپ، قۇرئاننى تەپسىر قىلالايدىغان دەرىجىگە يېتىپلا قالماي گىرامماتىكا، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي ھال؛ ئالگېبرا قاتارلىق پەنلەرنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن. راھىلەنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، دۇنيا قارىشى ساغلام بولغانلىقتىن ئۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماي، ئەرەبچە، پارسچە كىتابلارنى تەرجىمە قىلالايدىغان ئىقتىدارنى شەكىللەندۈرگەن، خەتتاتلىقتا كامالەتكە يېتىپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇستا خەتتاتلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇ 22 ياش ۋاقتىدا كۆچۈرۈپ چىققان «قۇرئان» ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ئېكاق كەنتىدىكى نەۋرىسى ئامىنە غوپۇرنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

1880 - يىللارنىڭ بېشىدىلا يېڭى مەكتەپ بەرپا قىلىش كويىدا بولۇۋاتقان باۋۇدۇنباي بۇ مەكتەپكە ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا قىز ئوقۇغۇچىلارنىمۇ قوبۇل قىلىشنى ئويلاشقان. چوڭقۇر ئويلىنىش، ئەستايىدىل تاللاش ئارقىلىق تۇنجى قەدەمدە نىسبەتەن ئەتراپلىق بىلىم ئالغان، ئىقتىدارى ئۇرغۇپ تۇرغان راھىلەنى 1885 - يىلى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلغان. سوفىزم جاھالىتى ئەۋجىگە چىققان بۇ دەۋردە قىزلارنىڭ ئوغۇللارغا ئوخشاش يېڭى مەكتەپتە ئوقۇشى، ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈشى مەكتەپتىكى ھەرقانداق.

توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقتىن زور ئىدى. بىر قىسىم جاھىل مۇتەئەسسىپلەر قىزلارنىڭ ئوقۇشى، ئاياللارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشىنى «شەرىئەتكە خىلاپ»، «كۇپۇرلۇق» دەپ ھاقارەتلىگەن ھەمدە يېڭى مەكتەپ مائارىپىغا قارشى تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر چاغدا راھىلە خانىم باھاۋىدىنبايى بىلەن تەڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ: «شەرىئەتتە ئاياللار ئوقۇمىسۇن دېگەن بېشارەت يوق. پەن ئۆگىنىش ئوغۇل - قىزلار ئۈچۈن پەرز دېيىلگەن. سىلەر پەرزەنتلىرىڭلارنى ئوقۇتمىساڭلار بىز ئوقۇتىمىز. بالىلىرىمىزنى دۇنيانى بىلىدىغان، ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتىدىغان قىلىپ تەربىيىلەيمىز» دەيدۇ - دە، دەسلەپكى قەدەمدە باھاۋىدىنبايىنىڭ ئۇرۇقلىرىدىن ھاجى خېنىم، زەينىسا خېنىم، سىلىمە خېنىم، سارى خېنىم، ئايىم خېنىم، بۇۋىھەجەر خېنىم قاتارلىق قىزلارنى مەكتەپكە تىزىملايدۇ. بۇنى كۆرگەن تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ئۆزىنىڭ قىز پەرزەنتلىرىدىن سۇلتانىخان، ئانىخان، سۇلتان نېسىپخان، زەينىساخان قاتارلىق يىگىرمىگە يېقىن ياشنى مەكتەپكە بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىمدا بۇ مەكتەپكە 25 قىز تىزىمغا ئالدۇرۇپ راھىلە خانىمنىڭ تەربىيىسىنى ئېلىشقا باشلايدۇ. بۇ جاھالەت كۆچلىرىگە قارىتا ئېلان قىلىنغان بۇ جەڭنامە سوفىزمنىڭ ئاياللارغا سالغان كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاشتىكى بىر مۆجىزە بولۇپ، جەمئىيەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ.

راھىلە خانىم چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىلىمگە، نىسبەتەن مۇكەممەل ۋە يۇقىرى ئوقۇتۇش مېتودىغا ئىگە

ئىقتىدارلىق مۇئەللىم بولۇپ «ھۆسەينىيە مەكتىپى» دە ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ئىملا، دىن دەرسى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. ئۇ دەرس ئۆتۈپلا قالماي ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ تەربىيىلەپ چىققان قىز ئوقۇغۇچىلاردىن سۇلتانىخان، ئانىخان، سۇلتان نىساخان، زەينىساخانلار ئۆز دەۋرىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد مۇنەۋۋەر ئايال ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ «ھۆسەينىيە مەكتىپى» قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن كۆپ يىل شۇغۇللىنىپ يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئايال ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇرغان.

راھىلە خانىم «ھۆسەينىيە مەكتىپى» دە 32 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ئىزچىل تۈردە قىزلارنى تەربىيىلەش بىلەن يېڭى مەكتەپ مائارىپىدا بىردىنبىر تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەن. ئۇ مائارىپنى ھاياتىنىڭ مەزمۇنى قىلغان، مائارىپنى كەڭ ئاياللارغا يۈزلەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئالىي غايىسى قىلغان.

راھىلە خانىمنىڭ ھايات پائالىيىتىدىن بىز شۇنى قىياس قىلالايمىزكى، XIX ئەسىر جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا تۇرۇۋاتقان شىنجاڭدا ئەگەر راھىلە خانىم كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، جاھىل مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن جەسۇرانە ئېلىشمىغان بولسا ۋە ئاشۇ قىزلارنى يېڭىلىق تەرىپىگە تارتمىغان بولسا، شىنجاڭدا ئاياللار ھۆرلۈككە يەنە بىرقانچە يىل، ھەتتا بىرقانچە ئون يىل

كەينىگە سۈرۈلگەن بولاتتى. ھالقىلىق پەيتتىكى بىر ئۆلۈش كۈچ ئادەتتىكى ۋاقىتتىكى مىڭ، ھەتتا ئونمىڭ ئۆلۈش كۈچىنىمۇ مۇھىمراق رول ئوينىغان. ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ بۇ تۇنجى مۇئەللىمى بۇنىڭدىن 70 نەچچە يىل بۇرۇن ھايات بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ تۆھپىسى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا پارلاق نۇر چاچىدۇ.

## ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ مەنئۇي يېتەكچىسى ئابدۇقادىر داموللا

ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى (1862 — 1924) — ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ مەنئۇي يېتەكچىسى، مەشھۇر مائارىپچى، جاھالەتكە قارشى جەڭچى، دىداكتىك شائىر.

ئابدۇقادىر داموللا 1862 - يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆز يۇرتى ۋە قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدە خېلى يۇقىرى بىلىم ئېلىپ، ياش ۋاقتىدىلا ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بىلىملىك كىشىسىگە ئايلانغان. ئۆزىگە بىلىمنى ئۆمۈرلۈك دوست تۇتقان، ئىلىم ئارقىلىق خەلقنى قۇتۇلدۇرۇشنى ئالىي ئىستەك قىلغان ئابدۇقادىر داموللا ھامان ئۆزىنىڭ بىلىمنى چەكلىك ھېسابلاپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ بۇخارا، سەمەرقەند قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ ئۆز بىلىمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئالىمى دەرىجىسىگە يەتكەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن غايىسى بويىچە يۇقىرىقى

جايلارنىڭ مائارىپىغا قارىتا كۆزىتىش ۋە ئۆگىنىش ئېلىپ بارغان ھەمدە ياۋروپادىكى يېڭى مائارىپ ۋەزىيىتىنى پىششىق تەھلىل قىلغان. بىر مەزگىللىك كۆزىتىش، ئۆگىنىش ۋە تەھلىل قىلىنىشتىن كېيىن ئۇ دەرھال ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن.

ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ۋاقتى ياۋروپا يېڭى مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىدىن تەسىرلەنگەن موسا ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى باھاۋۇدىن موسابايى، ھۈسەيىن موسابايلار ئاتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەشقەردە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسىنى تىكلەۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كەلگەن. ئابدۇقادىر داموللا بۇ يېڭى مائارىپ دولقۇنىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوللاپلا قالماي، يەنە ئۆزى بىرىنچى سەپكە ئاتلىنىپ قەشقەردە ئوقۇتقۇچى بولغان.

ئابدۇقادىر داموللىنىڭ قەشقەردە مەرىپەتچىلىك، ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن ھاياتى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدا ئۇنتۇلغۇسىز ھايات بولۇپ، ئۇ ئۇزغۇتلىغان ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ئالىم، ئۆلىمالارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرگەن. ئىلىم-پەننى قىرال قىلىپ، ۋەتىنىنى، خەلقىنى قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشان يولىدا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلغان. ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدارى، قەيسەر ئىرادىسىدىن تەشۋىشكە چۈشكەن ئىچكى-تاشقى كۈچلەر بىرلىشىپ، يوشۇرۇن سۈيىقەست

پىلانلاپ، ئۇنى 1924 - يىل 8 - ئايدا قەشقەر شەھىرى «كونا ئوردا» دىكى ئۆيىنىڭ كۆتۈپخانىسىدا جىددىي ئىشلەۋاتقان ۋاقتىدا ۋەھشىيانە ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

باھاۋىدىنبايلار يېڭى مەكتەپ ئېچىشتىن بۇرۇنقى شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر مائارىپى كونىچە مائارىپ بولۇپ، ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلەر پۈتۈنلەي ئەرەب، پارس تىلىدىكى دەرسلەر ئىدى. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى كىتاب ئوقۇشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆلۈك ھالدا يادلىشى تەلەپ قىلىناتتى. دەرس مەزمۇنى دىنىي ئەدەبىيات ۋە باشقا پەنلەر ئىدى. بۇ خىل تەربىيە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئۆگىنىشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلالىشىغا ماس كەلمەيلا قالماستىن، دەۋرنىڭ كۈن-ساناپ ئېشىپ بېرىۋاتقان تەرەققىيات ئېھتىياجى ۋە تەلىپىنى قاندۇرۇشتىن خېلىلا يىراقتا تۇراتتى. ئوقۇتقۇچى-لارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كونا مەكتەپلەردە، كونا ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بويىچە تەربىيىلىنىپ چىققانلار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دەرس مەزمۇنىنى رېئال ئەمەلىيەتكە ماسلاشتۇ-رۇش ئىقتىدارى كەم ئىدى. ئۇلارنىڭ يېڭى دەرسلىك تۈزۈپ چىقىشى تېخىمۇ مۈشكۈل ئىش ئىدى.

مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا ئابدۇقادىر داموللا ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، چەت ئەللەردە كۆزەتكەن ئەھۋاللىرى ۋە ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىنى ھېسابقا ئېلىپ دەرسلىك ماتېرىيالى، ئوقۇ-تۇش مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھات ئېلىپ بارغان. ئۇ يازغان «سەرىپ -

نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، «ئەدەبىيات ئاچقۇچى»، «ئىلمى تەجۋىت» (ئىلمى قىرائەت)، «ئىلمى ھېساب»، «جۇغراپىيە ئىلمى»، «مۇھىم ئەقىدىلەر ساۋاتى»، «گۆدەكلەرگە تەربىيە»، «ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت»، «خەلق ئاممىسىغا نەسىھەت» قاتارلىق ئون نەچچە خىل ئەسەرلەر ئەنە شۇ خىلدىكى يېڭى دەرسلىك ماتېرىياللىرى ۋە زۆرۈر ئوقۇشلۇق ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇقادىر داموللا بولاردىن باشقا يەنە 1910 - يىلى باھاۋىدىنباينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ يېڭىسارلىق ئۇرھاجى دېگەن مەربەتپەرۋەر كىشى بىلەن بىرلىكتە «مەتبەئى نۇر» ناملىق تاش مەتبەئەنى تەسىس قىلىپ، كۆپلەپ كىتاب ۋە دەرسلىكلەرنى بېسىپ تارقىتىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ۋە مەدەنىي ئاقارتىش ئىشىنى ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. ئىكساق كەنتىدە قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن كۆپلەپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پېداگوگىكىلىق مەسلىھەتلىرىنى بېرىپ تۇرغان.

ئابدۇقادىر داموللا پۈتكۈل مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ياڭ زېڭشىن، جىڭ شۇرېن قاتارلىقلارنىڭ مىللەتلەرنى ئۆچلەشتۈرۈش، مىللىي كەمسىتىش، خۇراپاتلىق بىلەن خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىگە قارشى «مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق - بىرلىك، ئىلىم - مەرىپەت» تىن ئىبارەت دېموكراتىك شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئابدۇقادىر داموللا ئۆزىنىڭ «زۇرۇر ئەقىدىلەر» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

— ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا بائىس نېمەدىندۇر؟

— ئىككى نەرسىدىن: بىرى، جاھىللىق ۋە نادانلىقتىن، ئىككىنچىسى، تەپرىقە ۋە ئىختىلاپتىن.

ئىززەت، ئابروي ۋە كۈچ نەدىن كېلىدۇ؟

بىلىم، مەرىپەتتىن ۋە ئىتتىپاقلىقتىن.

ئابدۇقادىر داموللا ۋەتەنپەرۋەر، دېموكراتىك زات بولۇپ، خەلقنى تەشكىللەپ جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان ئوچۇق - ئاشكارا تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە، بولۇپمۇ شۋېد مىسسىونېرلىرىنىڭ خەلقنىڭ ئېڭىنى زەھەرلىشىگە قارشى كۈرەش قىلىپ، ئۇلارنىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنى بولغان «شۋېد مىسسىونېرلىرى مەتبەئەسى» نى پاچاقلاپ تاشلىغان. مەملىكەت ئىچىدىكى ئىستىبدات تۈزۈمگە، مۇتەئەسسىپ بايلارغا، روھانىيلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بارغان.

ئابدۇقادىر داموللا ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئالغان، ئەرەب، پارس، ئوردۇ ۋە تۈركىي تىللارنى پىششىق ئۆگەنگەن، مەلۇماتلىق، ھەق - ئادالەتچى، خەلقپەرۋەر ئالىم ۋە شائىر بولۇپ، شېئىرىيەتتە پۈتۈن ئاسىيا ۋە ئەرەب ئەللىرىدىمۇ داڭ چىقارغان. ئۇنىڭ كۆپ قىسىم شېئىرلىرى قازان «مىللەت» مەتبەئەسىدە بېسىلىپ، كەڭ تارقىتىلغان،

ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ۋە مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، مىللەتنى ئىلىم - پەن بىلەن يۈكسەلدۈرۈش، تىنچ - ئىناق بولغان ۋەزىيەتنى يارىتىش يولىدا ئاققۇزغان تەرلىرى ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، قالاق، چىرىك ئىجتىمائىي كۈچلەرگە قارشى كۆرەش قىلىش يولىدا ئاققان قانلىرى بىكارغا كەتمىدى. ئۇنىڭ ئەمگىكى ۋە كۆرەشلىرى سانسىزلىغان مىنايسا - كۆچەتلەرنى دان ئۈتقۇزۇپ ۋە مېۋە بەرگۈزۈپ، ئۇنى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى-نىڭ پەخىرلىك ئۇستازى، مەدەنىيەت جەڭچىسىگە ئايلان-دۇردى. ئۇنىڭ پاك خاتىرىسى خەلقىنىڭ يۈرەك قەلبىدە، سۆھبەتلىرىدە، خىزمەتلىرىدە ۋە ناخشا - قوشاقلىرىدا ياشاپ كەلمەكتە.

## ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇرپان ۋادىسىدىكى ئاساسچىسى مەخسۇت مۇھىتى

مەخسۇت مۇھىتى (1885 — 1932) ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر ئىجادچى، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ تەشكىللاتچىسى، دېموكراتىك ئىنقىلابچى.

مەخسۇت مۇھىتى 1885 - يىلى تۇرپان ئاستانىدا ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ياش چاغلىرىدا ئۆز يۇرتىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئۆز دەۋرىگە يارىشا خېلى مەلۇماتلىق، چوڭقۇر پىكىرلىك كىشىگە ئايلانغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۈرۈمچى، چۆچەك ۋە روسىيىنىڭ چوڭ - چوڭ شەھەرلىرىدە سودىگەرچىلىك قىلىش، ئالىملار، يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلار بىلەن ئىلىم - مەرىپەت ئۈستىدە ئىلمىي سۆھبەت ئېلىپ بېرىش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ بۇ چاغلاردىكى ھاياتىنى سودىگەرچىلىك ھاياتى، ساياھەت ھاياتى دېگەنىدىن كۆرە مەرىپەت ئۈستىدە ئىزدەنگەن ھايات دېگەن ئەقىلغە مۇۋا-

يىتتى. چۈنكى، بۇ چاغلاردا ئۇنىڭغا ھەممىدىن كۆپرەك تەسىر قىلغىنى شىنجاڭدا يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ خەلقنى، مىللەتنى مەدەنىيەتكە، تەربىيەتكە باشلاش مەسىلىسى؛ ئۇنىڭ كۆپرەك شۇغۇللانغىنى مائارىپ، مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى تەشكىللەش ئىشى بولغان. ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا شىنجاڭنىڭ يېڭىچە مىللىي مائارىپىنى بەرپا قىلىش، گۈللەندۈرۈش يولىدا ئالاھىدە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

مەخسۇت مۇھىتى 1910-يىلى بىرىنچى قېتىم خودىكەرچىلىك بىلەن روسىيىنىڭ شەمەي، قازان قاتارلىق شەھەرلىرىگە بارغاندا، بۇ جايدىكى تاتارلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە قىزىققان ھەمدە تاتار زىيالىيلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ خەلقىمىزنى نادانلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە ئۇلاردىن پىكىر ئالغان. شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تاتار زىيالىيلىرىنىڭ تەكلىپى بويىچە خەلقنى ئاقارتىش ئىشى ئۈستىدە ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن كۆپلەپ پىكىر ئالماشتۇرغان ۋە بىرقانچە نەپەر مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن كېڭىشىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ھۆكۈمەتكە شىنجاڭدا يېڭىچە مىللىي مائارىپنى بەرپا قىلىش يولى بىلەن خەلقنى، مىللەتنى نادانلىق - نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ۋەكىللىرىگە بەرگەن ۋەدىسىنىڭ قۇرۇق ئالدامچىلىق ئىكەنلىكى ئايان بولغاندىن كېيىن، مەخسۇت

مۇھىتى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەكتەپ ئېچىپ، يېڭىلىق ۋە ئىلىم-مەرىپەتكە يۈزلىنىش قىلىشقا بەل باغلايدۇ. لېكىن بۇ چاغدىكى ئۇيغۇر مائارىپى شۇنداق ۋەيران بولغانىدىكى، ئۇيغۇر كلاسسىنىڭ مائارىپىغا ئاساس سالغان قەدىمكى جايلارنىڭ بىرى بولغان، تۇرپان ئاستانىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل شەرقىي شىنجاڭدا، ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغۇدەك بىرەر ئادەممۇ تېپىلمايتتى. پەقەت چەت ئەلدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

مانا شۇنداق رىئاللىق ئاستىدا تۇرۇپمۇ ئۆز ئىرادىسىنى بوشاشتۇرمىغان قەيسەر، جەڭچى مەخسۇت مۇھىتى 1913-يىلى يەنە ئورىنبۇرسكىغا بېرىپ، تاتار زىيالىيسى مەرھۇم ھەبىبۇللا ئەپەندى تايىرانىنى شىنجاڭغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىدۇ. ھەمدە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ تۇرپان ئاستانىدىكى ئۆز قورۇسىنىڭ ئالدىدىكى بوشلۇققا ئۈچ سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇرۇپ تۇرپان، ئۈرۈمچى، كۈچۈك قاتارلىق جايلاردىكى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ 20 نەپەر كىچىك بالىلىرىنى يىغىپ ئوقۇتىدۇ. بۇ مەكتەپكە كېيىنچە «مەكتەپى مەخسۇدىيە» دەپ نام بېرىلىدۇ. بۇ مەكتەپتە ئۆز ۋاقتىدا ئۆتۈلگەن دەرسلەر كونا مەكتەپلەردىن پەرقلىق ھالدا ئانا تىلى، ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئىيات، ئىلمىي، سانائەت ۋە دىن دەرسلىرى بولغاچقا، بىر تەرەپتىن مەكلىنىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ،

مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى مەنبەسى ئىنتايىن تار بولغان. ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەر بۇ مەكتەپنى «جەدىتلەر مەكتىپى» دەپ ئاتىشىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئەۋەتمەيلا قويماستىن، باشقىلارنىڭ بالىلىرىنىمۇ مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىشنى خىيال قىلىپ مەخسۇت مۇھىتىغا ۋە ھەيدەر ئەپەندىگە ھۇجۇم قىلغان. مەخسۇت مۇھىتى بېشىغا تىز پۈكمەي ئىلىم - مەرىپەت تەشۋىقاتىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەچكە، ئۇ، ئاچقان بىر سىنىپلىق مەكتەپ كۈندىن - كۈنگە ئويغىنىۋاتقان، ئىلىم شەربەتلىرىگە تەشنا بولغان ئۇرغۇن ياشلارنىڭ بىلىم ئېلىش تەلىپىنى قاندۇرالمايدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان مەخسۇت مۇھىتى 1917 - يىلى يەنە موسكۋاغا بارىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئەكەلگەن سوتسىيالىستىك يېڭىچە ھاكىمىيەت ۋە ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرى ئۇنىڭ مەرىپەت- پەرۋەر ئىدىيىسىگە يەنىمۇ زور ئىلھام بېرىدۇ. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇھەببۇللا ئەپەندى، گۈلەندام ئاۋىستەي، ئەلى ئىبراھىم، ھىسامىددىن ئەپەندى قاتارلىق ئالتە نەپەر ئوقۇتقۇ- چىنى شىنجاڭغا ئەكىلىپ، تۇرپان ئاستانە، تۇرپان بازىرى، كۈچۈك، ئۈرۈمچى، چۆچەك قاتارلىق جايلارغا ئوقۇتقۇچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. بۇ ئالتە نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ شىنجاڭغا كېلىش يول راسخوتى ۋە باشقا خىراجەتلىرىنى ئۆز يېنىدىن تولۇق بەرگەندىن تاشقىرى، ئۇلارغا شىنجاڭغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ مۇقىم مائاش بەلگىلەپ، ئايىمۇ ئايى تولۇق بېرىپ تۇرىدۇ. ھەمدە، مۇھەببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندام ئاۋىستەيگە ئۆز قورۇسىدىن ئۆي ئاجرىتىپ بېرىپ،

ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىپ قويىدۇ.

تۇرپان ئاستانە بىر يېزا بولۇپ، ئاھالىسىمۇ كۆپ ئەمەس. لېكىن بۇ يەردىن چىققان زىيالىيلار مەيلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن بولسۇن، مەيلى ئازادلىقتىن كېيىن بولسۇن، ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مائارىپ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاپ كەلمەكتە. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە تاشكەنتتىكى مەلۇم ھەربىي ئىنستىتۇتقا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن 18 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسى ئاستانىدىكى «مەكتەبى مەخسۇتىيە»نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، تۇرپان ئاستانىدىن ئەۋەتىلگەن. مەخسۇت مۇھىتى قۇرغان بۇ مەكتەپ جەمئىيەت ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر زىيالىيلارنى تەربىيىلەپ بېرىشكە ئاساس سالغان مەكتەپ بولۇپ، بۇ نەتىجىلەر يەنىلا ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، خەلقسۆيەر ئىنقىلابچى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تۆھپىسى بولۇپ، خەلق ئۇنىڭ بۇ سەمەرىلىك ئەمگىكىنى مەڭگۈ قەدىرلەيدۇ.

مەخسۇت مۇھىتى مەرىپەتپەرۋەر بولۇپلا قالماي، يەنە قەيسەر ئىنقىلابچى ئىدى. ئۇ نۆۋەتتىكى ئىنقىلابنىڭ تەسىرى بىلەن ئىدىيە جەھەتتە تەدرىجىي ئۆزگىرىش قىلىپ، خەلقنى ناداللىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئىلىمدە ئىزدىگەن ۋە؛ ئەكسىيەتچى فېئودال مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى ئىنقىلاب قىلىپ، ئىلىم-مەرىپەتكە يۈزلىنىش قىلىش يولىدىكى توسالغۇلارنى ئېلىپ تاشلاش

ئۈچۈن قولغا قورال ئېلىپ ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىش كېرەك، دەپ قارىغان. ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى 1931 - يىلى قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭى رېئاللىققا ئايلاندۇرغان. ئۇ بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولۇپ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا دەرھال ۋەتەنگە قايتقان ھەمدە خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ، قوزغىلاڭنى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىگە كېڭەيتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېڭەش ئارقىلىق مەخسۇت مۇھىتى بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىمى قىلىپ بېكىتىلگەن. 1932 - يىلىنىڭ ئاخىرى مەخسۇت مۇھىتى يۈزدىن ئارتۇق ئادەمگە قوماندانلىق قىلىپ، پىچاندا ئەكسىيەتچى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋېتىپ، جەڭ مەيدانىدا يارىلىنىپ مەردلەرچە قۇربان بولغان. ئۇ ئارانلا 47 يىل ياشىيالىغان.

## ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق)

مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) (1091 — 1936) — ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى، مەشھۇر پېداگوگ، قەيسەر ئىرادىلىك مەرىپەت جەڭچىسى، دىداكتىك شائىر.

مائارىپ تەتقىقاتچىلىرى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ، 1872 - يىلدىن 1911 - يىلغىچە (شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىگىچە) بولغان ۋاقىتنى 1 - باسقۇچ؛ 1911 - يىلدىن 1931 - يىلغىچە (قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىغىچە) بولغان ۋاقىتنى 2 - باسقۇچ؛ 1931 - يىلدىن 1936 - يىلغىچە (مىللىي بىرلىكسەپ دەۋرىگىچە) بولغان ۋاقىتنى 3 - باسقۇچ دەپ ئايرىغان.

1 - باسقۇچنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرى ئىكساق ۋە ئىلىدا «ھۈسەينىيە مەكتىپى»نى قۇرغۇچى ئاكا - ئۇكا موسابايلار بولغان بولسا، 2 - باسقۇچنىڭ ئاساسىي ۋەكىلى ئاتۇش، قەشقەر مەركەز قىلىنغان ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا قۇرۇلغان يېڭى مەكتەپلەرنىڭ مەنىۋى يېتەكچىسى مەشھۇر پېداگوگ ئابدۇقادىر داموللا ئىدى. 3 - باسقۇچنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى ۋە ئا-

ساسچىسى ئاتۇشنىڭ ھەممە جايلىرىدا يېڭىچە مەكتەپ سېلىش، بۇ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈشتە جان پىدالىق كۆرسەتكەن، يېڭى مائارىپ دولقۇنىنى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىگە كېڭەيتىپ، ئۇنىڭ ئۈزۈلمەي داۋام قىلىنىشىغا ئاساس سالغان مەشھۇر پېداگوگ ۋە دىداكتىك شائىر مەمتىلى ئەپەندى ئىدى.

مەمتىلى توختاجى 1901 - يىلى ئاتۇشنىڭ بويامەت كەنتىدە داڭلىق تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى توختاجى تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولۇپ، ئوغلى مەمتىلىنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا بىلىم ئېلىشقا ئۈندىگەن. مەمتىلى 1910 - يىلى ئاتۇشنىڭ تىجەن كەنتىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زات قۇربانھاجىم ئاچقان؛ تۈركىيىلىك مەشھۇر پېداگوگ، ئىكساق مائارىپىنىڭ تالانتلىق يېتەكچىسى ئەخمەت كامال ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان «ئاق مەيدان مەكتىپى»گە ئوقۇشقا كىرگەن. زېھنى ئۆتكۈر، ئەقىللىق مەمتىلى ناھايىتى تېزلا ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، ھەر خىل پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. ئەپسۇسكى، مۇستەبىت ھۆكۈمەت بۇ مەكتەپنى پېچەتلەپ، ئېچىشقا رۇخسەت قىلمىغان. ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان مەمتىلى ئامالسىز ھالدا ئاتىسىغا ئەگىشىپ بىر مەزگىل ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولغان. 1920 - يىلى، ئۇ ئاتىسىغا ئەگىشىپ شىمالىي شىنجاڭغا بېرىپ ئىلى، چۆچەك، بۆرتالا قاتارلىق جايلاردا جۇۋىچىلىق، تېۋىپلىق ۋە ئاشپەزلىك قىلغان. لېكىن، بۇ كەسپلەر ئۇنىڭ نەزەرىدە ھامان ئەرزىمەس ئىشلار ئىدى. شۇڭا ئۇ، تۇرمۇش

ھەلەكچىلىكى ئىچىدىمۇ ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرماي شېئىر-
يېزىش، ساز چېلىش قاتارلىق مەدەنىي بىلىملەرگە ئىشتى-
ياق باغلاپ بۇلارنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ئەمما، بۇمۇ ئۇنىڭ
كۆڭلىدىكىدەك ئىشنى ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ، چۆچەك
ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ موسكۋا شەرق ئۇنىۋېر-
سىتېتىغا كىرىپ ئوقۇيدۇ. تۇرمۇش قىيىنچىلىقى، مۇساپىرلىق
ئازابى ئۇنىڭ بۇ جايدىكى ئوقۇشىنى تولۇق تۈگىتىشكە
ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، 1923 - يىلى
قارا دېڭىز ئارقىلىق تۈركىيىگە ئۆتۈپ، دەسلەپ ئىستانبۇل-
دىكى بىر ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا قارا خىزمەت-
چى بولىدۇ. كېيىنچە ئۆز ئەقىل - ئىدراكى ۋە تالانتى
بىلەن مەكتەپ مەسئۇللىرىنى قايىل قىلىپ، ئوقۇغۇچىلىققا
قوبۇل قىلىنىپ، مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملايدۇ
ۋە ئىستانبۇلدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى
بولۇپ ئىشلەيدۇ.

بۇ چاغدا مەمتىلىنىڭ بىلىم دائىرىسى كېڭەيگەن،
مۇستەقىل دۇنيا قارىشى شەكىللىنىپ، ياشاشنىڭ قىممى-
تىنى چۈشەنگەن ۋاقىتلىرى بولۇپ، ئۇ ئوقۇتقۇچىلىقنى
ئەڭ ئۇلۇغ خىزمەت، كىشىلەرنىڭ قەلبىگە بىلىم شەربەت-
لىرىنى قۇيۇش يولىنى ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ توغرا
يول دەپ تاللايدۇ ۋە ئۆزىگە تەۋپىق (توغرا يول ئۆتقۇ-
چى) دەپ تەخەللۇس قويۇپ، دىداكتىك شېئىرلىرىنى
مۇشۇ تەخەللۇستا يازىدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ؛ مىللەتنىڭ
پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى
يۈكسەلدۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ياشاش مەقسىتى ۋە ئۆمۈرلۈك

غايىسىگە ئايلاندۇرغان مەمتىلى 1932 - يىلى ئۆز يۇرتى ئاتۇشقا قايتىپ كېلىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى ئىقتىدارلىق ناتىق، تەرغىباتچى ۋە تەشكىلاتچى بولغىنى ئۈچۈن، ئاتۇشقا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلەپ پۈتۈن ئاتۇش دائىرىسىدە ئىلىم - مەرىپەت دولقۇنىنى قوزغىۋېتىدۇ ھەمدە ناھىيىلىك مائارىپ مەمۇرىيەت ئاپپاراتى، ئاتا - ئانىلار مائارىپ كومىتېتى قاتارلىق تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقىدۇ. مائارىپ راسخوتى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى تەدبىرلىك بىلەن ھەل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قوللۇق تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق ئالتە ئاي ۋاقىت ئىچىدە ھەم ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى ئېچىپ ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ھەم ئاتۇشتىكى 24 كەنتتە مەكتەپ قۇرۇپ چىقىش پىلانىنى تۈزىدۇ. بۇنداق ھەم مۈشكۈل، ھەم جاپالىق جىددىي پىلان خەلق ئاقارتىش ئىشى ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى، كۈچ - قۇدرىتىنى بېغىشلايدىغان ھەم ئىرادىلىك، ھەم تەدبىرلىك كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا قىلچە مۇبالىغە ئەمەس ئىدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئۆز پىلانىغا ئاساسەن بىر تەرەپتىن ئاتۇشنىڭ ئوڭئېرىق كەنتىدە 60 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن تەركىب تاپقان «ئوڭئېرىق مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسى»نى ئېچىپ، ئۆزى يالغۇز دېگۈدەك تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، تەنتەربىيە، ناخشا - مۇزىكا قاتارلىق پەنلەردىن دەرس ئۆتۈش؛ دەرس تەييارلاش، مەكتەپ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىش قاتارلىق ئېغىر

ۋە جاپالىق خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي ئىشلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقايسى مەكتەپلەر قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان ۋاقتى ئاساسەن كەچقۇرۇنلۇق ۋاقىت بولىدۇ. ئۇ كۈرسەتكى مەشغۇلاتلىرىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلگۇرسە تاماق يەپ، ئۇلگۇرمىسە نان ئېلىۋېلىپ، ئېتىغا مىنىپ چىقىپ كېتىپ ئاتسلار ھەيئىتى بىلەن مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ. پۇلدارلارنى يىغىپ ئىئانە توپلايدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا كېچىلىرى قاقشۇدەك ئۇخلىماي، ھەتتا پۈتۈن كېچىلەپ يىغىن ئېچىپ، تاڭ ئاتقاندا مەكتەپكە قايتىپ كېلىپلا دەرسكە كىرىدۇ. ئوشۇنداق جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ئۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئاشۇرغاندىمۇ ئالتە ئايدا ئەمەس، بەلكى مۇددەتتىن بىر ئاي بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

ئوقۇش پۈتتۈرگەن كۇرسانتلار رىتمۇرەت تىزىلىپ، بوييۇنلىرىغا گالستۇك تاقاپ، مەمتىلى ئەپەندى ئۆزى يازغان ۋە ئاھاڭغا سالغان مۇنۇ مارشىنى كۆككە ياڭرىتىپ، پۈتۈن ئاتۇشنى ئايلىنىپ ماتارىپ تەشۋىقاتى ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئۆز مەكتەپلىرىگە بارىدۇ.

بىز مۇئەللىم يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز.

تالاي يىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم - ئىرپان يولىغا تەشنا - زار بولدۇق.

خۇراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ، كۆپ ناچار بولدۇق.

بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.
ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ ئېسىلغان ئۇلى.

بۇنىڭ بىلەن ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئوقۇ - ئوقۇتۇش ھەرىكىتى باشلىنىپ، ئۆسمۈر - باللار مەكتەپلەرگە، چوڭلار كەچ كۇرسلارغا بەس - بەس بىلەن كىرىپ ئوقۇشقا باشلايدۇ. شۇ چاغدا ئاتۇشتىن مەكتەپ قوينىغا كىرگەن باللار 10 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

مەتبىلى ئەپەندى مەكتەپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن، جامائەتچىلىكنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە جامائەتكە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش يۈزىسىدىن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا خالىسانە ئەمگەك تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ ھەمدە ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئېتىز - ئېرىق ۋە يول بويلىرىغا 100 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت قويۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مەتبىلى ئەپەندىگە ۋە ئۇ باشلىغان مائارىپ ھەرىكىتىگە بولغان ھۆرمىتى ۋە قىزىقىشى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە دىنىي، خۇراپىي كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى ۋە بېسىمىمۇ ئارتىپ بارىدۇ. ئىستىبداتلىق تەرەپدارلىرى ۋە مەرىپەت دۈشمەنلىرى

بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ يېڭى مەكتەپلەرنى تاقىۋېتىشكە ئۇرۇندۇ، مەمتىلى ئەپەندىنى ھاقارەتلەيدۇ، مەرىپەت ئۈچۈن بەل باغلىغان ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ھەر خىل يوللار بىلەن باسىدۇ.

ۋشۇنىداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ مەمتىلى ئەپەندى ئىرادىسىنى قىلچە بوشاشتۇرماي، زور غەيرەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەيدۇ. ئۇ ماتارىپ تەشۋىقاتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئىستىبدات، جاھىل - ۋتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىنى يېڭىش ئۈچۈن 1935 - يىلى يازدا 100 لەچچە نەپەر ئۆسمۈرلەرنى تاللاپ «ئىزچىلار» ئەترىتىنى تەشكىللەپ پىيادە يول بىسىپ پەيزىۋات، توققۇزاق، ئوپال، تاشمىلىق، يېڭىسار ۋە قەشقەر ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. «ئىزچىلار» مەمتىلى ئەپەندى يازغان:

بىز ئىزچىلارمىز، پۇت - قوللىرىمىز گاك،
كۆزىمىز نۇرلۇق، قەلبىمىز ساغلام.
خەلق يولىدا كۈرەش قىلىمىز
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.

ئۇزۇن ۋاقىتلار زالىم قولىدا،
ئىشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا.
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەس تۇرۇپ،
ئالغا باسىمىز ئىرپان يولىدا.

ئۆكەن، تىرىش ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن ئىشقىدا قاينار ۋىجدانلار.

دېگەن مارشنى ياڭرىتىپ مەردانە قەدەم تاشلاپ ماڭغاندا، مىڭلىغان ئەر-ئاياللار ئاممىسى ھاياجانلىنىپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياشلار ئېلىشقان. شۇ چاغدىكى قەشقەرنىڭ قوماندانى مەھمۇت مۇھىتى (مەھمۇت سىجاڭ) مۇ تەسىرلىنىپ مەمتىلى ئەپەندىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە ئىككى ئەسكەرنى مەخسۇس مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېڭى مائارىپ تەشۋىقاتى ۋە شەخسىي بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا تەيىنلەپ، ئاتۇشتىكى يۇرت ئاقساقاللىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش خېتى ئەۋەتكەن.

مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى يەتكۈزۈش يىغىنىدا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىغا مۇنداق خىتاب قىلدى:

«... قېرىنداشلار، ئاتىلار، ئانىلار ۋە ئارقاداشلار! مەن بېشىمدىن ئېغىر سەرگۈزەشتىلەرنى كەچۈرۈپ، يۇرتۇم ئۈچۈن ئىشلەش مەقسىتىدە بىلىم ئېلىپ كەلگەنمەن. يۇرت خەلقىنى ئاسارەت كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مۇئەللىملىك كەسپىنى ئەڭ ئۇلۇغ كەسىپ، ئوقۇتقۇچىلىق يولىنى ئەڭ توغرا يول، دەپ تاللىۋالغانمەن. قاچاندۇر بىر كۈنى مېنى ئالتە پۇڭلۇق قوغۇشۇن ئوق ئاخىرەتكە ئۇزىتىشى مۇمكىن. مەن ۋەتەن يولىدا، مەرىپەت يولىدا ئىسسىق قېنىمنى تۆكۈشتىن زادى يانمايمەن...»

مەرىپەت دۈشمەنلىرىنىڭ رەزىل نىيىتىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزەتكەن مەمتىلى ئەپەندى شۇنىڭدىن كېيىن يېڭى

مائارىپ يولىدا يەنىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئىشلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، ئاڭ سېزىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن دەرسخانا ۋە مائارىپ تەشۋىقاتىدىن: بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايدۇ. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنى ئۈچۈن ئۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، ئۆزى تاللىغان توغرا يولدا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىزدىنىدۇ. مەرىپەت دۈشمەنلىرى ئۇنى 1936 - يىلى دەرسخانا مۇنبىرى يېنىدىن تۇتۇپ كېتىدۇ. بۇ مەرىپەتپەرۋەر جەڭچى شۇ يىلى ئىيۇلدا پاجىئەلىك ھالدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ.

ھەمتبلى ئەپەندىنىڭ ئاتۇشتا قوزغىغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئاتۇش چېگرىسىدىن ھالقىپ قوشنا ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە، ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىلىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى تارىخىنىڭ 3 - باسقۇچىنى شەكىللەندۈردى. ھەمتبلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان «بىز مۇئەللىم، يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز»، «بىز ئىزچىلارمىز» دېگەن مارشلار جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ مەكتەپلىرىدە ياڭراپ شەھەر - قىشلاقلارنى زور ھاياجانغا سالدى.

## ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىدىكى مەشھۇر پېداگوگ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىسى تۇرسۇن ئەپەندى

تۇرسۇن ئەپەندى (1886—1937) — ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، داڭلىق پېداگوگ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پۇتبول ھەرىكىتىگە ئاساس سالغۇچى.

تۇرسۇن ئەپەندى 1886 - يىلى ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1894 - يىلدىن 1899 - يىلغىچە ئىكساقتىكى «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دە ئوقۇپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا «زېھنى ئۆتكۈر، ئىستىقبالى بار» دېگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. شۇڭا، 1902 - يىلى ئاكا - ئۇكا موسابايلار تەرىپىدىن تۈركىيىگە ئوقۇشقا چىقىرىلغان. ئۇ ۋەتىنىنىڭ، خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئاكا - ئۇكا موسابايلارنىڭ ئۈمىدىنى ھەر دائىم ئېسىدىن چىقارمىغان تۇرسۇن ئىستانبۇلدىكى ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش مەكتىپىدە ھەر خىل پەنلەرنى، پېداگوگىكا ئىلمىنى پۇختا ئىگىلەپ ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئۇ بىلىمگە ھېرىسمەن، ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان ياش بولغاچقا، ئۆگەنگەنلىرى ئۆز بىلىمىنىڭ ئازلىقىنى ھېس قىلغان. شۇڭا ئۇ ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق 1905 -

جىلى يەنە تۈركىيەدىكى «سۇلتانىيە» ناملىق ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ مەكتەپتە پەننىي بىلىملەردىن سىرت تۈرك تىلى، ئىنگلىز تىلى، فرانسۇز تىلىنى پىششىق ئۆگەنگەن. تەنتەربىيە تۈرلىرىگە زور ئىشتىياق باغلاپ تەنتەربىيىنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىنى ياخشى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا پۇتبول ئويناشتا خېلى يۇقىرى ماھارەت ئىگىلەپ، شۇ مەكتەپنىڭ پۇتبول كوماندا ئەزاسى بولغان. 1909 - يىلى بۇ مەكتەپنى ئەلىيۇلئەلا (بىرىنچى دەرىجىلىك) نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن.

تۇرسۇن ئەپەندى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتا مەكتىپى «ھۈسەينىيە مەكتىپى» گە ئوقۇتقۇچى بولغان ھەمدە بىر يىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە بىلىمى، ئوقۇتۇشتىكى يۇقىرى ماھارىتى ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارى بىلەن بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ 1910 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە بولغان 23 يىل جەريانىدا، ئىزچىل تۈردە بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1933 - يىلدىن كېيىن قەشقەر ئوردا ئىشكىدە ئېچىلغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا تەكلىپ قىلىنىپ، بىر مەزگىل بۇ كۇرستا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. كېيىن يەنە ئۆز مەكتىپىگە قايتىپ كېلىپ، 1937 - يىلى 11 - ئايدا شېڭ شىسەينىڭ غالچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىدىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى ۋە يېتەكچى تۇرسۇن ئەپەندى پۈتۈن ھاياتىنى خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاپ بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ بىكار

ئۆتكۈزمىگەن. ئۇ «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نى باشقۇرغان 23 يىل جەريانىدا پېداگوگىكىلىق پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىپ مەكتەپ نىزامى، ئوقۇتۇش پروگراممىسى، ئوقۇتۇش ئىنتىزامى قاتارلىق تەرەپلەردە بىر يۈرۈش قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە ئۇنى ئەمەلىي ئىجرا قىلىپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ ئىناۋىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. ئۇ يازغان ۋە مەكتەپنىڭ ئوقۇ- ئوقۇتۇش خىزمىتىدە قوللانغان «ئۇسۇلى تەربىيە» (تەربىيىلەش ئۇسۇلى) ناملىق پېداگوگىكىلىق رىسالە ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دە قوللىنىلىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەلىپى ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن باھاۋۇددىنباي تەرىپىدىن «مەتبەئى نۇر» دا بېسىپ تارقىتىلغان.

تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تۆھپىسى شۇكى، ئۇ «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دە ئەڭ يۈكسەك قىزغىنلىق، يۇقىرى دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەنتەربىيە ئوقۇتۇشى ۋە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان. ئۇ تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ ماھىرى بولۇپ، تالانتى كىشىنى قايىل قىلاتتى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە مەكتەپتە پۇتبول، بالقان، تامپاس، ۋالبول، بىلو، يېنىك ئاتلېتىكا، كالتەك، تاش كەتتى، تاش كەلدى، ئىسىر ئېلىش، ياغلىق تاشلاش، ئىلەڭگۈچ، چىغرىق (تورنىك)، ئاغقا چىقىش، نەيزە، دىسكا ئېتىش،

قارىغا ئېلىش ۋە دالا يۈگۈرۈشى قاتارلىق 20 خىلغا يېقىن تەنتەربىيە تۈرلىرى ئۆگىتىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپلا قالماي، بەلكى بۇ ئىش ئاتۇش، قەشقەر رايونلىرىنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن.

تۇرسۇن ئەپەندى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن تەنتەربىيىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ تۇنجى بايراقدارى. ئۇ تۈركىيىدىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ ئىكساققا قايتىپ كېلىپلا مەكتەپنىڭ پۇتبول ھەرىكىتىنى چىڭ تۇتقان. ئالدى بىلەن پۇتبول ھەرىكىتىنى زامانىۋى ئۆلچەمگە سېلىش ئۈچۈن پۇتبول مەيدانى، كوماندا ئادەم سانى ۋە پۇتبول ھەرىكىتى ئاتالغۇلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. ئىككىنچى قەدەمدە، كوماندا تەشكىللەپ ئۆزى كوماندا باشلىقى بولۇپ، مەشق ۋە يېتەكچىلىكنى كۈچەيتكەن. قابىل يېتەكچىنىڭ كۈچلۈك تەربىيىسى ۋە ئەمەلىي يېتەكچىلىكىگە ئېرىشكەن «ھۆسەينىيە مەكتىپى» پۇتبول كوماندىسىنى جاپالىق مەشق قىلىش ئارقىلىق ماھارەت جەھەتتىن يۈكسىلىپ ئاتۇش، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا زور ئابروي قازىنىپلا قالماي، 1927-يىلى مايدا قەشقەرنىڭ سەمەن رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىكساق «ھۆسەينىيە مەكتىپى» كوماندىسى بىلەن ئەنگلىيە، شۋېتسىيە كونسۇلخانىلىرى كوماندىلىرىنىڭ ئىككى مەيدان. خەلقئارالىق پۇتبول مۇسابىقىسىدە كۆرەشكەن ئەنگلىيە، شۋېتسىيە كوماندىلىرىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىرگە قارشى ئىككى، نۆلگە

قارشى يەتتە نەتىجە بىلەن يېڭىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق تاماشىبىن قاتناشقان مەيداننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن.

بۇ غەلىبە — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ باشقا ھەرقايسى مىللەتلەرگە ئوخشاش ھازىرقى زامان تەنتەربىيە مۇنبىرىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ بېشارىتى ئىدى.